ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار

# موزدوز بالا



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ




ISBN 978-7-5371-6027-8

باھاسى: 5.00 يۈەن

ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار

# موزدۇز بالا

( هېكايە ـ چۆچەك ۋە نەسرلەر )



شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى : قەلبىنۇر قادىر ئارسلان
رامىلە ئابلا
مەسئۇل كوررېكتورى : دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

# موزدۇز بالا

(ھېكايە ـ چۆچەك ۋە نەسرلەر)

ئاپتورى : **ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى :850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 3
2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978－7 － 5371 － 6027 － 8
سانى : 3000－1
باھاسى : 5.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

图书在版编目（CIP）数据

小补鞋匠：维吾尔文/吾买尔·买提努热·库吐亚尔著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008.9
ISBN978—7—5371—6027—8

Ⅰ.小… Ⅱ.吾… Ⅲ.儿童文学—作品集—中国—
当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I287.47

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 141066 号

责任编辑：卡丽拜努尔·卡德尔·阿尔斯朗
热米拉·阿布拉
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿力甫·夏

小补鞋匠（维吾尔文）
（儿童故事，童话与散文）
吾买尔·买提努热·库吐亚尔 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 3印张
2008年9月第1版 2008年9月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN978－7－5371－6027－8 定价：5.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


بارىكاللا، قىزىم ......................... 3
ئالىم «قاپاق» ......................... 6
نادىرەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ......................... 9
رەسسام بولغۇم بار ......................... 13
سىڭلىم......................... 18
بىر مو پۇل......................... 21
توكۇر قۇشقاچ ......................... 25
تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى......................... 28
موزدۇز بالا ......................... 31


## چۆچەكلەر


ئۆمۈچۈك بىلەن چىۋىن ......................... 35
قاغا ......................... 39
مۈشۈك بىلەن چاشقان......................... 44
مودا توشقان......................... 49
تۇخۇم تۇغىدىغان خوراز ......................... 53
بىھى ھەققىدە چۆچەك ......................... 60


## نەسرلەر


مەن ئوقۇيمەن ......................... 65

بىر بالا ........................................ 67
ماڭا يول بېرىڭلار ........................................ 70
ئۈمىد يۇلتۇزى........................................ 72
بەخت قۇياشى ........................................ 76
كەپتەر ........................................ 78
دوستۇم ، قولۇڭنى بەر ........................................ 80
هايات يىلتىزى........................................ 82
ئۆزۈڭنى سۆي ........................................ 85
مەن ۋە قۇشلار ........................................ 87
ئىلتىجا........................................ 89

# ھېكايىلەر



# بارىكاللا، قىزىم

بالىلىرىمنى كىچىكىدىن باشلاپ تېجەشلىك قىلىپ تەربىيە-لەش مەقسىتىدە ھەربىرىگە بىردىن كىچىك ساندۇق ياسىتىپ بەرگەنىدىم. ئۇلار ئانچە - مۇنچە ئاشقان پارچە پۇللىرىنى ئەنە شۇ كىچىككىنە ئېغىزى بار ئوماق «خەزىنە»سىگە يىغىشاتتى - دە، مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك قۇلۇپلارنى سېلىشىپ، ئاچقۇچنى ئۆ-زى بىلىشىدىغان يەرلەرگە تىقىشاتتى. مەنمۇ پۇلنى نەگە، نېمىگە خەجلەش ھەققىدە ئېرىنمەي چۈشەندۇرۇپ تۇراتتىم. شۇڭىمۇ بالىلىرىم پۇللىرىنى قالايمىقان بۇزۇپ - چاقماي، زۆرۈر ئىشلى-رىغا ئىشلىتەتتى. كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىگە كىتاب سېتىۋالاتتى.

بۇ يىل مائاشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈشى بىلەن قۇربان ھېيت ئائىلىدە خۇشاللىق، تەنتەنە ئىچىدە يېتىپ كەلدى. بالىلارغا بېرىدىغان پۇللارنىڭ سانىمۇ ئىككى - ئۈچ كويدىن بەش- ئون كويغا كۆتۈرۈلدى. شۇڭا كوچا - كويلاردا، چىرايلار-دا ھېيت شادلىقى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. قارىسام، بالىلىرىم مول ھوسۇل ئالغان دېھقاندەك ئىنتايىن شادىمان ئىدى.

— مېنىڭ بىر يۈز يەتمىش كوي بوپتۇ، — دەيتتى ئاچىسى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىپ.

— مېنىڭ بىر يۈز ئون كوي بوپتۇ. بۇنىڭغا لۇغەت بىلەن «ھازىرقى بالىلار كارامەت» دېگەن كىتابنى سېتىۋالسام نېمىدې-گەن ياخشى- ھە! — دەيتتى ئوغلۇم ئاراپات پۇللىرىنى رەتلەۋې-تىپ.

— ئاچا، ئاكا، مېنىڭمۇ توقسان كوي بوپتۇ، مەنمۇ «ئۇي-غۇر خەلق بالىلار چۆچەكلىرى» دېگەن كىتابنى سېتىۋال-

سام، ۋاھ ...، — دەيتتى كەنجى قىزىم رۇقىيە قوللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ ...

ھېيت ئۆتۈپ كەتتى. ئوغلۇم بىلەن كەنجى قىزىم دېگىنىدەك كىتاب سېتىۋالدى ۋە ئاشقان پۇللىرىنى ئانچە - مۇنچە خەجلەپمۇ تۇردى. بىراق، چوڭ قىزىم مېھرىئاي بىر ئايدىن بېرى ھېيتلىق پۇلىدىن بىر مونىمۇ خەجلىگەندەك ئەمەس. تېخى ئۇ مەندىن پات - پات پۇل سورايتتى.

— دادا، — دېدى ئۇ بىر چۈشلۈكى ماڭا ئەركىلەپ تۇرۇپ، — بەش كوي بېرىڭە، يانچۇقۇمدا پەقەت پۇل ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— «خەزىنە»ڭىزنىڭ ئاچقۇچى يىتتۈپ كەتمىگەندۇ، قىزىم؟ — دېدىم مەنمۇ چېقىشىپ. گەرچە بالىلارنىڭ پۇلنى نېمىگە خەجلىشىگە ئانچە ئارىلاشمىساممۇ، نازارەت قىلىپ تۇراتتىم. شۇڭا مېھرىئايدىن سەل گۇمانسىراپ قالدىم - دە، بۇ قېتىم ئالدىراپ پۇل بەرمىدىم.

— قارىسام، ھېيتلىق پۇلىڭىزنى خەجلىگەندەك قىلمىدىڭىز، پۇل يىغ دېسەم، بۇنداق تاش چىشلەپ، پىخسىقلىق قىلىسىڭىزمۇ بولمايدۇ، قىزىم، ھازىرغۇ يېنىڭىزدا بىز بار، بىز يوق چاغدا پۇل لازىم بولۇپ قالسا قانداق قىلىسىز؟! شۇڭا يېنىڭىزدىن بەش - ئون كويىنى ئايرىماڭ، بۈگۈنچە ئۆزىڭىز ئامال قىلىڭ! — دېدىم قەتئىيلىك بىلەن.

— دادا، پۇلۇم ئۇ ... يىتتۈپ كەتتى، — ئۇ كېكەچلەپ شۇنداق دېدى - دە، قاپقارا قوي كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى. مەن ئىشەنمىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يالغان ئېيتقانلىقىنى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم ھەرگىزمۇ يانچۇقىغا ئارتۇقچە پۇل سالمايتتى. شۇڭا:

— قىزىم، — دېدىم سىپايىلىك بىلەن، — كونىلار «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام»، «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن

كېيىن بىلىنەر» دەپتىكەن. راست گېپىڭىزنى ماڭا ئېيتمىسىڭىز كىمگە ئېيتارسىز؟ نېمە ئىش قىلماق راست سۆزلۇك بولۇڭ، — مەن شۇنداق دېدىم - دە، ئاتىلارچە مېھرىم بىلەن چېكىسىگە چۇشۇپ قالغان چېچىنى ئاستا تۇزەپ قويدۇم. قىزىمىنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى ۋە ئۇنىڭغا مىختەك قادالغان كۆزۇمدىن ئەيمەندى بولغاي، بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە «پاڭڭىدە» يىغلىۋەتتى.

— بولدى يىغلىماڭ، جان كەتسىمۇ راست گەپ قىلىڭ، — دېدىم تىت - تىت بولۇپ.

— مەن ... ئۇ پۇلغا ساۋاقدىشىم قەدىرگۇلگە ... چاپان ئېلىپ بەرگەنىدىم ...، — ئۇ بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقارسا بولمايدىغان مەخپىيەتلىكتەك ناھايىتى تەستە ئېيتتى - دە، كەچ كۇز غازاڭلىرىدەك تىترەپ كەتتى.

— نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭىز؟ سەۋەبىنى دەپ بېرەلەمسىز، قىزىم؟ — دېدىم مەنمۇ ئىسسىقنى كۆرگەن مومدەك يۇمشاپ.

— ئۇ بىر قارا يېتىم قىز، ئۆزى بەك سەممىمىي، ئاق كۆڭۇل، تىرىشچان، ئادەتتە ھەممىمىز دېگۇدەك ئانچە - مۇنچە ياردەم قىلىپ تۇراتتۇق. قارىسام، ھېيتتا ھەممىمىز يېڭى كىيىم كىيىپتۇق. بىراق قەدىرگۇلنىڭ چاپىنى كونىراپ، مازلىرى نەچچە يەردىن چىقىپ قاپتۇ. شۇ ھالدا قانداقمۇ خۇشال يۇرەي، دادا؟! شۇڭا ...

— نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭىز؟

— ئادەتتە سىز پۇلنى چىڭ باشقۇراتتىڭىز، ئۇقۇپ قالسا خاپا بولامدىكىن، دەپ ...

— ھەي ئەخمەق قىز، پۇلنى چىڭ باشقۇرغىنىم، باشقىلارغا ياردەم قىلماڭلار، ياخشىلىق قىلماڭلار، دېگىنىم ئەمەس. پەقەت تۇتۇرۇقسىز ئىشلارغا چېچىپ، بەتخەج بولۇپ قالمىسۇن، دېگىنىم. مانا ئەقلىڭىزنى تېپىپسىز، بارىكاللا، قىزىم، — دېدىم - دە، چەكسىز پەخىرلىنىش بىلەن ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم.

# ئالىم «قاپاق»

ئالىم بۇدۇرچاچ ، قاشلىرى قويۇق ، كەم سۆز بالا بولۇپ ، ئوماق چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى . ئۇ دەرسلەردە سەل ئارقىدا ئىدى . بۇنى ئاز دەپ ساۋاقداشلارغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى . قاچانلا قارىسا قولىدىن توقۇمدەك قېلىن ـ قېلىن كىتابلار چۈشمەيتتى . شۇڭىمۇ ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئالىم «قاپاق» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدۇق . گەرچە ئۇ دەرسلەردە ئانچە ئاكتىپ بولمىغىنى بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ياخشى ئىدى . شۇڭا پات ـ پات چېقىشىپ :

— ئالىم «قاپاق» ، داداڭ ئىسمىڭنى خاتا قويۇپتۇ ، — دەپ تېرىكتۇرەتتىم .

بىر كۈنى بىز قوشنا ناھىيىگە 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرغىلى باردۇق . ئۇلار بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى . بىر قىز ئوقۇغۇچى بىزگە ئاتاپ يازغان «خۇش كەپسىلەر ، مۇبارەك» ماۋزۇلۇق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى ، ھاياجاندىن ھەممىمىز چاۋاك چېلىپ ، چۇرقىرىشىپ كەتتۇق .

نۆۋەت بىزگە كەلگەندە ھەممىمىز قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەكلا جىمىپ كەتتۇق . سىنىپ مۇدىرىمىز كۆزلىرىمىزگە ئۈمىدلىك باقتى . ئويلىمىغان يەردىن ئالىم «قاپاق» ئورنىدىن تۇردى . مەن : «ئاپلا ، ئىناۋىتىمىزنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان بولدى ، بۇ مۆرد-مەس» دېگەنلەرنى ئويلىدىم . ئۇ سالماق قەدەملەر بىلەن سەھنىگە چىقتى ـ دە ، «مۇھەببەتتىن يۇغۇرۇلسا يۈرەكلەر» ماۋزۇلۇق شېئىرنى ئاجايىپ ياخشى ئوقۇدى . شېئىردا دوستلۇق ، مۇھەب-

بەت ئۆلۈغلانغانىدى . زالنى گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى بىر ئالدى . ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم . ئۆزۈمچە : «ئۇ بۇ شېئىرنى راستىنلا ئۆزى يازغانمىدۇ ؟ » دېگەنلەرنى ئويلىدىم .

بىر كۈنلۈك پائالىيىتىمىزنى كۆڭۈللۈك ئاياغلاشتۇرۇپ كەچتە ياتاققا قايتىپ كەلدۇق . باللار بۈگۈنكى پائالىيەت ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى . ئالىم ماڭا ئۆينىگە تېلېفون ئۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ :

— بىللە چىقامسەن ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— بولىدۇ ، — دېدىم ئايىغىمنى كىيگەچ . ئۇ تېلېفون نومۇرىنى بېسىپ ئۇزاق ئۈتمەي تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن قايتا ئۇرۇپ ئاندىن ئۆيدىكىلەر بىلەن سۆزلەشتى .

— بىرىنچى قېتىمدا لىنىيە بىكار ئەمەسمىكەن ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ .

— ياق !

— ئەمىسە ، نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار ئىككى قېتىم تېلېفون ئۇرىسەن ؟

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— سەن ئۇقمايسەن ، تېلېفون جىرىڭلىغان ھامان دادام بىلەن ئانام تېلېفونغا قاراپ يۈگۈرىدۇ . بىر قېتىم دادام تېلېفون ئالغىلى ئالدىراپ ، سۇپىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، ئوشۇقىنى چىقىرىۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، تېلېفون بىرىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندا ئالماي ، كېيىنكى قېتىم جىرىڭلىغاندا ئېلىشقا كېلىشىۋالدۇق . بۇنداق بولغاندا ئۇلار جىددىيلىشىپ قالمايدىكەن . تېلېفوننى ئېلىشقا تەييارلىنىۋالىدىكەن ، — دېدى . مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم . ماڭا ئۇنىڭ چىرايى ئاي يورۇقىدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەندەك بىلىندى . كۆڭلۈمدە : «ئۇ نېمىدېگەن ئەستايىدىل ـ ھە ؟ » دېگەنلەرنى ئويلىدىم .

قىشنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ ،

پۈتكۈل كائىنات مامۇقتەك ئاپئاق قارغا پۈركەنگەندى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چىنار دەرەخلىرى يالىڭاچلانغان . يوللار ئەينەكتەك مۇز تۇتۇپ كەتكەندى . بىز بەشىمىز تەنتەربىيە ئايىغى ئېلىش ئۈچۈن بازارغا قاراپ كېتىۋاتاتتۇق . تۇيۇقسىز ئالدىمىزدىلا ۋېلىسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى يىقىلىپ چۈشتى . ئۇنىڭ بىر پۇتى ۋېلىسىپىتنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇپ ، توختىماي ۋايجانلايتتى . ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىيەتتىيۇ ، ئەمما تۇرالمايتتى . بىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز كېتىۋەردۇق . ئەمما ئالىم «قاپاق» ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى . بىز :

— ھەي ئالىم «قاپاق» ، نەگە بارىسەن ، ماڭە تېز بول ؟ ! — دەپ تەڭلا توۋلاشتۇق . بىراق ئۇ :

— مانا ھازىر ، — دېگىنىچە ھېلىقى كىشىنى يۆلىدى . كاللامدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ ، يۈزۈم «ۋىللىدە» قىزاردى . ئىختىيارسىز ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا مەنمۇ باردىم . باشقا بالىلارمۇ ماڭا ئەگەشتى . بىز بىرلىكتە ئۇ كىشىنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇق ، بىراق ئۇ كىشى يەرگە دەسسىيەلمەي ۋايجانلاپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ كىشىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق . دوختۇر بىزگە قاراپ :

— داسسۆڭەك سۇنغاندەك قىلىدۇ . رېنتگېنغا ئالدۇرۇپ كېلىڭلار ، — دېدى - دە ، رەسمىيەت قەغىزىنى قولىمىزغا تۇتقۇزدى . ھېلىقى كىشى ناھايىتى خىجالەت ئارىلاش :

— بالىلىرىم ، يېنىمدا جىق پۇل ... يوق ، ئوغلۇمغا تېلېفون بېرىپ قويغان بولساڭلار ! — دېدى - دە ، ئوغلىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىز تېلېفون ئۇرغىلى چىقىپ كەتتۇق ...

# نادىرەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

كەچكى قۇياش غەربكە قىيسايغان چاغ ئىدى. ئىشخانامدا بېرىلىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. ئىشىك «توك - توك» قىلىپ بوشقىنا چېكىلدى ۋە:

— كىرسەم بولامدۇ؟ — دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كىرىڭ! — دېدىم كىتابتىن كۆز ئۈزمەي.

— مۇئەللىم...

ئالدىمدا، سىنىپىمنىڭ «كىچىك يازغۇچىسى» نادىرە دانىغا تەلمۈرۈۋاتقان قۇش بالىسىدەك ماڭا قاراپلا تۇراتتى. مەن: «بىرەر ئىش بارمىدى؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدىم.

— مۇئەللىم، سىزنى خاتىرەمنى كۆرۈپ باقامدىكىن، دەپ كىرىۋىدىم، ئېغىر كۆرمەي پىكىر بەرگەن بولسىڭىز...

ئۇ شۇنداق دەپلا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى ۋە قارا خۇرۇم مۇقاۋىلىق خاتىرىنى ماڭا بېرىپ ئاستا چىقىپ كەتتى. مەن بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى قىزىقىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم...

2006 - يىل 8 - مارت

بۈگۈن خانىم - قىزلار بايرىمى. «ئانامغا نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟» دەپ خېلى باش قاتتۇردۇم. ئاخىر مەن بىر ئايدىن بېرى يىغقان پۇللىرىمغا ئانام ياخشى كۆرىدىغان ئەتىرگۈلدىن بىر دەستە سېتىۋالدىم - دە، ئۆيگە تايچاقتەك چاپتىم. كۆڭلۈمدە: «ئانام گۈلنى كۆرۈپ، مەڭزىمگە مېھرى بىلەن تاتلىقىنا بىرنى سۆيۈپ قويۇپ: ‹قىزىم، رەھمەت سىزگە› دەيدۇ» دېگەن-

لەرنى ئويلىدىم ـ دە ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئاچتىم ۋە :

— ئانا ، بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن ! — دەپلا گۈلنى تەڭلىدىم . ئانام چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈردى ۋە :

— ھۇ ، قاپاق باش ، ئىش ئۇقمايدىغان دۆت . قارا سېنى ، دەرستە دېسە ئاتمىش نومۇرنى ئالالمىساڭ ، مانا ئەمدى پۇلنى بۇزۇپ ، نەدىكى كارغا كەلمەيدىغان بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ ، — دېگىنىچە يۇلغۇن تايىقىدەك قاتتىق بىگىز بارمىقى بىلەن بۇرنۇمـ نى نوقۇدى ، — قاچانمۇ ئەقىلىڭ ئىشلەر ـ ھە ؟ ! ئۆتكەن يىلى ئابدالنىڭ داكا ياغلىقىدەك مىس ـ مىس بىرنېمىنى ئاپتىكەنـ سەن . مانا بۈگۈن ...

ئانام مېنى بىرھازا تىللىدى . مەن يىغلىغان پېتىم ھۇجرامـ غا چىقىپ كەتتىم ۋە : «ئانا ، سېنىڭ نەرىڭمۇ مېھرىبان ئانىغا ئوخشىسۇن ؟ ھە دېسىلا مېنى ئەيىبلەيسەن ، ھاقارەتلەيسەن . بىـ راق بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆگىنىشىمگە كۆڭۈل بۆلمەيسەن ، قاچانلا قارىسا قاتار چاي ، كىيىم ـ كېچەك گېپى ... ئانا ، مېنىڭ باللارچە ساددا خىيالىمنى ئاز ـ تولا چۈشەنسەڭ ئىدىڭ ، ئۇ چاغدا ماڭا تىل ـ ھاقارەت ئەمەس ، ئىلھام بېرەتتىڭ ! بىلەمـ سەن ، ئانا ، يۇمىراق مايسىلار قار ـ يامغۇر ، شىۋىرغانغا ئەمەس ، باھار ھىدىغا تەشنا . بىراق سەن نېمىشقىمۇ قەلبىمنى زېدە قىلىـ دىغانسەن ؟ مېنىڭ ساڭا گۈل سوۋغا قىلىشىم ساڭا بولغان چەكـ سىز ھۆرمىتىم ئىدىغۇ ، ئانا ؟ ئۇنىڭغا مېنىڭ قانچىلىك ئەجرىم سىڭگەن ـ ھە ؟ ! ئېيتقىنا ، ئانا ، مەن قاچانمۇ سەن بىلەن ئەركىن ـ ئازادە مۇڭدىشارمەن ـ ھە ؟ !» دېگەنلەرنى كېچىچە ئويلاپ چىقتىم .

2006 ـ يىل 21 ـ ئاپرېل

بۈگۈن بىر كۈن «شىر ـ شىر» قىلىپ توختىماي توپا ياغدى . ھاۋا قۇرغاق بولۇپ ، ئاچچىق توپا دىماغنى ئېچىشتۇرسا ،

يۈز ـ كۆزلەرنى ھەرە چاققاندەك چاقاتتى . شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم تاغ سۈيىدەك جۇشقۇن ۋە روھلۇق ئىدى . چۈنكى «سىزمۇ مۇئەل-لىممۇ ؟» دېگەن ماقالەم گېزىتتە ئېلان قىلىنغانىدى ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كاتتا يازغۇچىدەك ئىنتايىن خۇشال بولغانى-دىم . ئۆزۈمچە سەكرىگۈم ، ۋارقىرىغۇم كېلەتتى . تاتلىق خىيال-لار بىلەن ئۆيگە كەلدىم ـ دە :

— ئانا ، ماقالەم ئېلان قىلىنىپتۇ ، — دېدىم ھاياجان بى-لەن . ئانام خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا :

— ئېلان قىلىنسا نېمە بوپتۇ ؟ قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ، ياخشى ئۆگەن . ماڭا ماقالە ئەمەس ، نەتىجە كېرەك . سەنمىچۇ ، خەقنىڭ بالىلىرىدەك 100 نومۇر ئالالىساڭ ئاندىن ...

مەن ئۇندىمىدىم . تاماقنى مەيۈسلۈك ئىچىدە يېدىم ـ دە ، ئالدىراپ مەكتەپكە كەلدىم . دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان سىنىپ مۇدى-رىمىز مېنى كۆرۈپلا ئاچچىق بىلەن سۆزلەپلا كەتتى :

— «ئورۇق كالىنىڭ پوقى چوڭ» دېگەندەك سەن تېخى بىز مۇئەللىملەرنى تىلغا ئالغۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ قارىسا گەپ قىلماي ، مىسلداپ يۈرگىنىڭ بىلەن ئىتتەك تالايدىغان ھۈنىرىم بار ، دېگىن ؟ ! ئۆزۈڭچە بىز مۇئەللىملەرنى ھاقارەتلەپ يېزىپسەن . ھۇ ، تۇزكور ، ساڭا ئىلىمنى كىم بەردى ؟ ...

مەن ئىزا ـ ئاھانەتتىن پارتلايلا دەپ قالغانىدىم . لېكىن چۈشتىن كېيىن بىرقانچە ئۇستازلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىم مېنى قىزغىن تەبرىكلەشتى ۋە تېخىمۇ ياخشى ماقالىلەرنى يېزىشىمغا مەدەت ئىلھام بەردى . شۇنداقتىمۇ سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ تىل-ئاھانىتىدىن پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم .

2006 ـ يىل 4 ـ ماي

بۈگۈن قۇياش كۈلگۈنچەك قىزدەك نۇرلىنىپ چىققانىدى . سۈزۈك ئاسماندا توپ ـ توپ بۇلۇتلار يايلاقتىكى قوي پادىلىرىدەك ئۈزەتتى . بۈگۈنكى بايرام خۇشاللىقى قەلبىمدە تۈن يۇلتۇزلىرى-دەك چاقنايتتى .

بۈگۈن مەكتەپ بويىچە «ياشلار بايرىمى»لىق پائالىيەت ئېـ لىپ بېرىلدى. تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتىكى شىرزات «مۇئەللىملەر نۇر، قۇياش بولسا» دېگەن ئىجادىي ناخشىسىنى يېقىملىق تەمبۇر مۇزىكىسى بىلەن ئورۇنداپ ھەممىمىزنىڭ ھەۋەـ سىنى كەلتۈرۈۋەتتى.

مەنمۇ «ياشلىق» دېگەن نەسرىمنى ئوقۇدۇم. باللار ماڭا ھەۋەسلىنىپ قارىشىپ كېتىشتى...

كەچتە «سەرگەردان بالا» دېگەن كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. دادام بۇرۇنقىدەكلا غەرق مەست ھالدا ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن سېسىق ھاراقنىڭ بەتبۇي ھىدى كېلەتتى. ئۇ كۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقان بولۇپ، تىلى كالۋالىشىپ قالغانـ دى. شۇڭىمۇ ناھايىتى تەسلىك بىلەن:

— ھوي... خوتۇن، ماڭا ئا...چچىق ـ چۇ...چۇك قىلىپ سۇيۇقئاش ئېتىپ بەر، — دېدى ـ دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئانام:

— ھوي غوجام، سائەت نەچچە بولۇپ كەتتى؟ بۇ چاغ بولغاندا نەدە ئىكەن ئۇ سۇيۇقئاش؟ — دېدى چالۋاقاپ.

— نېمە؟ ھۇ، قېرى مېكىجىن، نېمە دەيسەن؟ ...

ئۆيدە بىردەمدىلا جېدەل يەنە باشلىنىپ كەتتى. «گۈلدۈر ـ گۇپپاڭ»، «ئاللا ـ توۋا»، «ۋايىيەي، سەن گادايغا تەگكەنگە داد» دېگەندەك ئاۋازلار ئۆينى بىر ئالدى. مەن بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالغاچقا، جىملا ئولتۇرۇۋالدىم. چۈنكى، ئۇلارغا ئارىلاشسام تاياق يېمىگەندىمۇ، ئاھانەتكە قالاتتىم. شۇڭا كۆڭۈلسىز ھالدا كىتابىمنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، مۇزدەك يوتقان ئىچىگە شۇڭغۇدۇم...

مەن خاتىرىنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە گېلىمغا ئاچچىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالدى. قولۇمدىكى خاتىرىنى ياپتىم ـ دە: «بىز ئاتا ـ ئانىلار باللاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىمىز. ئەمما نېمىشقا ئۆزىمىز بېرەلمەيمىز؟» دېگەن خىياللار بىلەن ئىشخانامدىن ئايرىلدىم...

# رەسسام بولغۇم بار

تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ يۆتكىلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، خۇددى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك يېنىكلەپلا قالدىم . شۇڭىمۇ دوسكىغا «قۇتۇلۇش» دېگەن رەسىمنى يوغان قىلىپ سىزىپ قويدۇم . رەسىمگە چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان ، ئاچچىق دەستىدىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ ، كۆزلىرى پۇلتىيىپ كەتكەن ئېگىز بويلۇق بىر مۇئەللىمنىڭ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ ، نېمىنددۇر دەپ تىللاۋاتقان ، باشقا بالىلار سار ئالدىدىكى چۇجىلەردەك تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇشقان ھالىتى سىزىلغانىدى .

دەرسكە قوڭغۇراق چېلىندى . رەسىمنى ئۆچۈرۈپ بولغۇچە ئوتتۇرا بوي ، ياغاق يۈز ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان ، كىيىملىرى رەتلىك بىر مۇئەللىم سىنىپقا خۇش تەبەسسۇم بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە :

— ئەسسالام ، ساۋاقداشلار ! — دېگىنىچە بىزگە ئېگىلىپ سالام قىلدى . ئۇ قارىماققا شۇنداق سىپايە ، ئەدەپلىك ئىدى . شۇنداقتىمۇ يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى . ئۇ بىزگە ، سىنىپ ئىچىگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىقتى ۋە نەزىرىنى دوسكىغا ئاغدۇردى . يۈرىكىم «قارتلا» قىلىپ تېخىمۇ دۈپۈلدەپ كەتتى . «رەسىم سىزغانغا توي . يەنە ئىزا - ئاھانەتكە قالغاننى ئاز دەپ ، تۆتىنچى قېتىم رەسىم دەپتىرىمنى يىرتىۋەتسە ... ئاھ ، خۇدا ! مەن نېمىشقىمۇ شور پېشانە !؟» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم . ئۇ ئۇندىمەي ھەممىمىزنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە :

— بۇ رەسىمنىڭ ئاپتورى كىم؟ بۇنى سىزغان ئوقۇغۇچى راستىنلا تالانتلىق ئىكەن، — دېگىنىمچە ھەممىمىزگە سەپسالدى. كۆڭلۇمدە: «تالانتلىق» دېگەن سۆزدىن سۆيۈنسەممۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ چار يىلاندەك تۇگۇلۇپلا كېتىۋاتاتتىم. لېكىن مۇئەللىم:

— مەن سىلەرنىڭ يېشىڭلاردىن تەپىنلەنگەن سىنىپ مۇدىرىڭلار ئازاد مۇئەللىم بولىمەن. قانداق ئىشلار بولسا دەۋېرىڭلار. كېڭىشىپ ھەل قىلىمىز. ئەمما بىرنەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئادەمنىڭ بېشى كەتسىمۇ، قىلغان ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى كېرەك، — دېگىنىمچە رەسىمگە قارىدى. سىنىپ ئىچى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتتى. ھەممىمىز كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر قېتىملىق بوران چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتۇق. بىراق، ئازاد مۇئەللىم رەسىمنى ۋە رەسىمدىكى ئىدىيىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپ:

— بۇ رەسىمدە بالىلارنىڭ قەلب ئىزھارى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلىنىپتۇ. بولۇپمۇ «قۇتۇلۇش» دېگەن ماۋزۇ جايىدا قويۇلۇپتۇ. بۇنى كىم سىزغان بولسۇن، چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئوقۇغۇچى نېمىشقا ئۆزى ئاشكارىلىمايدۇ؟ نېمىدىن قورقىدۇ؟ بىز مۇئەللىملەردىمۇ خاتالىقلار بار. بۇنى ئىپادىلىسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بۇ بىزنىڭ ئەيىبىمىزغۇ؟ مۇبادا رەسسام ئۆزىنى رېئاللىقتىن قاچۇرسا، كۆڭلىنى ئاۋايلىسا ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي رەسسام بولالمايدۇ. شۇڭا ... ، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قانداقتۇر بىر خىل كۈچ تەسىرىدىن ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە:

— مەن سىزغان، — دېدىمىۇ، يەنە گۇناھكارلاردەك بېشىمنى ساڭگىلاتتىم. ماڭا «لەپپىدە» قارىدى ـ دە:

— يارايسەن، يىگىت، سەن كەلگۈسىدە داڭلىق رەسسام بولغۇدەكسەن. قېنى، باشقا سىزمىلىرىڭ بولسا چىقار، كۆرۈپ

باقاي ، — دېگىنىچە ئالدىمغا كەلدى . مەن تىترىگەن قوللىرىم بىلەن رەسىم دەپتىرىمنى سۇندۇم . ئۇ بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن مېنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى ، بۇ ماختاشلاردىن بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى . مۇئەللىم تېخى : «رەسىملىرىڭنى مەكتەپ بويىچە كۆرگەزمە قىلىمىز ۋە نەشرىياتلارغا ئەۋەتىمىز» دېدى . مەن هاياجاندىن گۈل - چېچەكلەردەك ئېچىلىپ كەتتىم . باللارنىڭ چىرايىدىكى قورقۇش ، قورۇنۇش ئالامىتىمۇ جەنۇبقا ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلاردەك كۆرۈنمەيتتى . مۇئەللىم مۇنبەرگە چىقىپ ، جىددىي قىياپەتتە :

— ساۋاقداشلار ، بىز هەممىمىز بىر پارچە رەسىمگە ئوخشايمىز . ئەمما رەسىمگە قانداق سىزىلىمىز ؟ بۇ سىلەرگە باغلىق . شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ دەرسنى ئادەم بولۇشىمىز ۋە پۈتۈن زېھنىمىزنى ئۆگىنىشكە ، مۇستەقىل ئىش قىلىشقا قارىتىشىمىز ، ئۆزىمىزگە ئىشىنىپ ، قىزىقىشىمىز بويىچە توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم . شۇنداق قىلالىساق كەلگۈسىدە ساۋاقدىشىڭلار ئەركىن ۋە باشقا رەسساملار رەسىمىڭلارنى ئەڭ گۈزەل قىلىپ سىزىپ چىقالايدۇ ، — دېۋىدى ، هەممەيلەن مۇئەللىمگە بەكمۇ قايىل بولۇپ كەتتۇق ...

بۇ ئىش ماڭا ئالاهىدە تەسىر قىلدى . كېچىچە هاياجاندىن ئۇخلىيالمىدىم . ئۆزۈمگە : «مېنىمۇ چۈشىنىدىغان ئادەم چىقتى . مەن نەقەدەر تەلەيلىك - هە !» دەپ پىچىرلايتتىم ۋە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدۇم .

هېلىمۇ ئېسىمدە ، مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا رەسىم سىزىشقا قەۋەتلا قىزىقاتتىم . خىياللىرىم هەر خىل رەسىملەر دۇنياسىدا گويا رەڭگارەڭ گۈلچىمەنلەر ئارىسىدىكى كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلسا ، موي قەلەم ۋە بوياقلىرىم سۇتتەك ئاق ، سىلىق ، تەكشى قەغەز يۈزىدە خۇددى چۈمۈلىلەردەك تىنىمسىز مىدىرلايتتى . مېنىڭ باللىق نەزىرىمدە دۇنيا ئاجايىپ گۈزەل بىر

رەسىم ئىدى . شۇڭىمۇ قۇياشنىڭ شەرقتىن ئۇپۇقنى قىزارتىپ كۆتۈرۈلۈشى ، يۇلتۇزلارنىڭ كۆز قىسىشقاندەك شوخلۇق بىلەن جىلمىيىشى ، ئاينىڭ يېتىم بالىدەك مۇڭلۇق قىياپىتى ، بەھەيۋەت تاغلار ، ئاجايىپ شارقىراتمىلار ، يېشىللىقلار تەسەۋۋۇرۇمدا كۆكتىكى لەگلەكتەك ئۇچۇپلا يۈرەتتى . ئەمما ، دادام :

— رەسىم سىزما ، ئۇلار قىيامەت كۈنى سەندىن جان تەلەپ قىلىدۇ ، — دەپ قەلەم – قەغەز ، بوياقلىرىمنى تىقىۋالاتتى . مەن بىر ئامالىلارنى قىلىپ سىزاتتىم . باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 – يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك . بىر كۈنى ئەتىگەننى ئۆگزىگە چىقىپ قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۆزەتتىم . تويۇقسىز كاللامغا : «قۇياش نېمىشقا غەربتىن چىقمايدۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتەر ؟ » دېگەن غەلىتە خىيال كېلىپ قالدى . تەگسىز ئويغا بېرىلىپ ، مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاللىقاچان توشقىنىنى سەزمەيلا قاپتىمەن . بىر چاغدا دادام :

— ھۇ ، بىغەرەز ، ئېشەك قۇلاق ، ھاڭۋاقتى ! يەنە شۇ جىنتەككۈر رەسىم ... ، — دېگىنىچە ئۆگزىگە چىقتى – دە ، ئوڭ مەڭزىمگە «چاڭڭىدە» قىلىپ بىر كاچات سېلىۋەتتى . يۈزۈم ئوتتا كۆيگەندەك بولدى . گاچىدەك ئۈندىمىدىم . ئەمما ، دادام بوغۇق ئاۋازىنى بولۇشىغىچە قويۇۋېتىپ :

— رەسىم سىزما ، سىزما دېسەم ، پۇتۇمغا يۆگىمەچتەك يامىشىپ مىشىلدايسەن . «دەرسكە تەسىر يەتكۈزمەي ، ياخشى ئوقۇي» دەيسەن . مانا قارا ! مۇشۇنداق ئىت پوق يېمەستە ئۆگزىگە چىقىۋالساڭ قانداق ئوقۇيسەن ؟ قىيامەتتە سېنىڭ دەردىڭنى كىم تارتىدۇ ؟ — دەپ چالۋاقاپ كەتتى ۋە مىڭ بىر جاپادا سىزغان يىگىرمە سەككىز پارچە رەسىمىمنى يىرتىپ پارە – پارە قىلىۋەتتى . شۇ چاغدا رەسىم دەپتىرىم ئەمەس ، يۈرىكىم ، بارلىقىم ، كەلگۈسۈم يوقالغاندەك ئىنتايىن ئازابلانغانىدىم ...

مەن كەنت باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ، يېزا مەركىزى-
دىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققىلى مانا بىر يىل بولاي
دېگەندى . سىنىپ مۇدىرىمىز قاچانلا قارىسا سىنىپقا هاراق پۇ-
راپ كىرەتتى ـ دە ، ئاچچىق تاماكىسىنى شورىغىنىچە ھەممىمىز-
نى بىرەر ئېغىزدىن تىللاپ قوياتتى . مەن سىنىپ مۇدىرىمىزنى
تەسۋىرلەپ بىر ھەجۋىي رەسىم سىزىپ قويىۋىدىم ، مەكتەپ بويى-
چە ئوچۇق تەنقىدلەندىم ، ئۆزۈمنى تەكشۈردۈم . ئەمما بۇنىڭلىق
بىلەن بوشىشىپ قالمىدىم .

ئەتىسىدىن باشلاپ تېخىمۇ كۆپ سىزىشقا باشلىدىم ...

مەن خىيالدىن باش كۆتۈرگىنىمدە سائەت ئون ئىككىلەردىن
ئاشقانىدى ، سۈتتەك ئاي نۇرى دېرىزىلەردىن شۇڭغۇپ كىرىپ ،
رەسىم دەپتىرىمنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى .



# سىڭلىم

سىڭلىم ئۇلىمۇ ئەركە ۋە تەرسا ، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان قىز . بىز دائىم چۇجە خورازدەك سوقۇشۇپ ، پەقەتلا چىقىشالمايمىز . ئۇ مېنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ، «هەدە» دەپ چاقىرمايدۇ . سىڭلىمدىن كۆڭلۈم ئاغرىسا ، ئانامنىڭ : «قىزىم ، ئۇ تېخى كىچىك . هامان تۈزىلىپ قالىدۇ . سەنمۇ هە دېسىلا ئۇنىڭغا دېگىنىمنى قىلغۇزىمەن ، دەپ گېپىڭدە چىڭ تۇرۇۋالماي ، ئۇنى ئىززەتلە ، ئاسرا ! شۇنىڭدىلا ئۇ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ» دېگەن گېپى ماڭا تەسەللى بولىدۇ .

بىر كۈنى ئەتىگىنى تۇيۇقسىز جىددىي تېلېفون كەلدى ـ دە ، دادام بىلەن ئانام يولغا چىقىدىغان بولدى . ئاپام :

— قىزىم ، بىز تاغاڭنىڭ يەتتە نەزىرسىدىن كېيىن قايتىپ كېلەلىشىمىز مۇمكىن . هەممە ئىش ساڭا قالدى . سىڭلىڭغا ئوبدان قارا ! — دېدى ـ دە ، سىڭلىمنى ئويغاتمايلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى .

ئۆيدە سىڭلىم ئىككىمىز قالدۇق . ئۆيىمىز مەكتەپكە سەل يىراق بولۇپ ، ئورنىمىزدىن سەهەر تۇرمىساق بولمايتتى . مەن سىڭلىمنى ئويغىتىۋېدىم ، ئۇ چايان چاققاندەك چىچاڭشىپ كەتتى :

— نېمىگە تۇرتۇسەن ؟ — دېگىنىچە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە مېنى هازىرلا يەۋېتىدىغاندەك ئالىيىپ قويۇپ ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى .

— تۇر ، ئۇكام ، ماڭا ياردەملىشىپ بەرگىن ، بولمىسا هەر ئىككىلىمىز مەكتەپكە كېچىكىپ قالىمىز ! ؟ — دېدىم ئانامنىڭ

دېگىنى بويىچە سىلىق - سىپايىلىك بىلەن. ئەمما ئۇ ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك «مىت» قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭغا بىر ھازا يالۋۇردۇم. بىر چاغدا سىڭلىم:

— ۋايجان! — دېگىنىچە ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى سۇزۇپ خۇشياقمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە گەپمۇ قىلماي تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن يېنىپ چىقىپ، خۇددى مەلىكىلەردەك بەخىرامان ئولتۇردى.

— ئۇكام، سەن ئۆيلەرنى سۇپۇرگىن، مەن ناشتىلىق تەييارلاي، — دېدىم. ئۇ ئۇندىمىدى. شۇنداق ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ئۇ ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپلا، ئېغىر سومكىسىنى ئاسقىنىچە خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. مەن داستىخاننى تېزلا يىغىشتۇردۇم - دە، مەكتەپكە ماڭدىم.

كەچتە سىڭلىم بىلەن قەغەزگە دانىغا تەڭ قونغان كەپتەردەك بىرلا ۋاقىتتا كەلدۇق. مەن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتىم. ئۇ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. تاماقنى يەپ بولۇپ مەنمۇ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. ئەتىسى ئۇ ئورنىدىن زادىلا تۇرغىلى ئۇنىمىدى.

— ناشتا قىلىپ بولۇپ ئۇخلىغىن! — دېدىم ئۇنىڭغا.

— مېنىڭ ئۇيقۇم تېخى تۇگىمىدى. بۇگۇن شەنبە تۇرسا مەن بىلەن نېمانداق قېرىشىسەن؟ ئۇخلايمەن دېدىم، ئۇخلايمەن! — دېدى - دە، يوتقانغا مەھكەم چۇمكىلىۋالدى. ئارتۇق گەپ قىلسام ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالاتتىم. شۇڭا ھۇجرىدىن چىقتىم - دە، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى قولۇمغا ئالدىم. ژۇرنالدىكى «بىر قاچا ئۇماچ» دېگەن ھېكايىنى تەسۋىرلىگۇسىز ھاياجان بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ھېكايىدە ئاتا - ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان ئاچا - سىڭىلنىڭ جاپالىق، ئەمما ئېجىل - ئىناق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى، سىڭلىسىنىڭ ئاچىسى ئاغرىپ

قالغاندا خەۋەر ئېلىشى ، ئاچىسىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ ، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشى ، بولۇپمۇ سىڭلىسىنىڭ ئاچىسى ئۇچۇن بىر قاچا ئۇماچنى دەپ قىشنىڭ دەھشەتلىك سوغۇقىدا يېلىڭ كىيىم بىلەن كىشىلەر ئىشىكىدە تىلەمچىلەردەك تەمتىرەپ يۈرۈشى ناھايىتىمۇ تەسىرلىك بايان قىلىنغانىدى . مەن بۇ ھېكا- يىنى سىڭلىممۇ ئوقۇپ كۆرسۇن ، دەپ ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدۇم . ئۇ خېلىدىن كېيىن ئويغاندى ـ دە ، ناشتىمۇ قىلماي ژۇرنالنى ئوقۇشقا باشلىدى …

ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانخانىغا چىقتىم . ئۆي ئىچى چىنىدەك تازىلانغانىدى .

— ھەدە ، ناشتىلىق تەييار بولدى .

سىڭلىمنىڭ قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ- لارنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندىم ـ دە ، كىرپىكىمگە قونغان ھاياجان ياشلىرىمنى سۈرتكىنىمچە سىڭلىمغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن باقتىم . ئۇ :

— مېنى كەچۈر ! — دېگىنىچە باغرىمغا تاشلاندى . بىر خىل ئىللىق سىزىم تومۇر ـ تومۇرلىرىمغا تاراپ يۈرىكىمدە دولقۇن ياسىدى . بۇ چاغدا قۇياش ئاللىقاچان كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، تال- تال نۇرلىرىنى ھەممە يەرگە تەكشى چېچىپ تۇراتتى .



# بىر مو پۇل

قۇربان ھېيت نامىزىدىن تاراپلا ئۆيگە كەلدىم . بالىلىرىم يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىۋېلىشقان بولۇپ ، قاپقارا كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، بالىلىرىم ، ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن ! — دېدىم ئۇلارغا قاراپ .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بىرگە بولسۇن ، دادا ! — دېدى چوڭ قىزىم تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن .

— ھېيتلىق پۇل ، — دېيىشتى قالغان ئىككى بالام ئەركىلەپ تۇرۇپ .

— ئالدىرىماڭلار ، مانا ھازىر ، — دېدىم - دە ، قىزىم نۇربىيەگە ئون يۈەن ، ئوغلۇم ئېرشاتقا بەش يۈەن ، زۇلپىيەگە ئىككى يۈەن بەردىم . ئويلىمىغان يەردىن ئېرشات پۇلنى «شارت» قىلىپلا تاشلىۋەتتى - دە ، ماڭا باتىنغىنىچە نېرى كەتتى .

شۇ تاپتا ئوغلۇمنىڭ تاشلىۋەتكىنى پۇل ئەمەس ، بەلكى يۈرىكىمدەك بىلىندى - دە ، غەزەپتىن ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىگە كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك سالدىم . ئۇ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى يەرگە ئاتتى . جۇدۇنۇم تېخىمۇ ئۆرلىدى .

— قوپە ئورنۇڭدىن ! — كەسكىن تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلدىم . ئۇ ئەلپازىمدىن سەل ھېيىقتى بولغاي ، مىشىلدىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى . ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالدىم ۋە :

— دەپباقە ، پۇلنى نېمىشقا تاشلايسەن ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن .

— ئاران بەش كوي بەرسەڭ ، دوستلىرىم ئالدىدا قانداقمۇ

«دادام بەردى» دېيەلەيمەن؟ هى ··· هى ···

— سېنىڭچە، قانچە پۇل بەرسەم بولاتتى؟

— باشقىلارنىڭ دادىلىرىدەك قىرىق ـ ئەللىك كوي بەرمەمسەن؟ مۇتەللىپكىمۇ دادىسى هەر هېيتتا يۈز كوي بېرىدۇ.

ئۇ هېلىمۇ مەندىن نارازىدەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يىل قولۇمغا بىرئاز پۇل كىرىپ، باللارنىڭ كىيىملىرىنى بىرقۇر يېڭىلىغاندىن سىرت، تۈنجى قېتىم ئۇلارغا ئەڭ كۆپ هېيتلىق بېرىشىم ئىدى. بىچارە ئانىسى ئاران دېگەندە بېشىغا هېيتلىق بىر ياغلىقلا ئارتالىدى. گەرچە هۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولسامۇ، بىر ئائىلىنى ئاران قامداپ كېتىۋاتاتتىم. بىراق، ئون ياشلىق ئوغلۇمنىڭ بۇنچىلىك يوغانچى بولۇپ كەتكەنلىكىنى نەدىنمۇ بىلەي؟! توۋا قىلدىم، ئۇ كىچىكلا تۇرۇپ بۇ كېسەلنى نەدىن يۇقتۇرۇۋالغاندۇ؟ بۇ كەمدىكى باللارغا نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئويلىغانسېرى ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك تىترەيتتىم.

ئىختىيارسىز باللىقىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمىنى تۈگەتكەن كۈنۈم دادام يۈرەك كېسىلى بىلەن تۈگەپ كەتتى. بىز بەش بالا قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك دادىسىز قالدۇق. شۇ يىلى قۇربان هېيت جۈممىدە يېتىپ كەلدى. ئانام بىزگە كىيىم ئېلىپ بېرەلمىدى ۋە هېيتلىقمۇ بەرمىدى. ئۇ ناهايىتى ئازابلانغان هالدا:

— باللىرىم، «داداڭلارنى يەرلىكتە قويدۇق» دەپ هېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم، — دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى. بىز بەشىمىز يا ئانامغا تەسەللى بېرىشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتتۇق. شۇ كۈن قەلبىمىزنى چەكسىز غېرىبلىق چىرمىۋالغاندى. شۇڭا تالا ـ تۈزگىمۇ ئانچە چىقمىدۇق. بىزنى بىرەرىمۇ يوقلاپ كىرمىدى. ئۇ چاغلاردا پۇل ئاز بولغاچقىمۇ ياكى تۇغقانلار «دادىسى يوقنىڭ يۈزى يوق» دەپ بىزنى ئۇنتۇپ كەتتىمۇ، هېچ-

كىم تېيىن چاغلىق ھېيتلىق بەرمىدى . باللار بولسا پۇللىرىنى سانىشىپ ، بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشاتتى . بىزلا بويۇن قىسىپ قالدۇق .

ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بولسا كېرەك ، باللار : «ھېيت-لىق پۇلى يوق باللارنى ئويۇنغا قاتمايمىز » دېيىشىپ ، مېنى «چامغۇر يۇلۇش » ئويۇنىدىن چىقىرىۋەتتى . بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئانىسىز ئاسلاندەك تۈگۈلۈپ ئولتۇردۇم . كۆزۈمدىن ياش باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈپلا تۇراتتى . نېمىشقىدۇر : «دادام ھايات بول-غان بولسا ھېيتلىق بېرەتتى . ئۇ چاغدا باللارمۇ مېنى ئويۇنغا قېتىۋالاتتى » دېگەنلەرنى ئويلىدىم . راستىنى دېسەم ، ئىچ - ئىچىمدىن يىغا قايناپتتى . قاچاندۇر بىر چاغدا :

— دىلشات ، كەل بۇياققا ! — دېگەن ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . بۇرۇلۇپ قارىسام ، دادامنىڭ خىزمەتدىشى ، باللىق قەل-بىمدىكى خىزىر سۈپەت مېھرىبان ئۇستاز رەجەپ مۇئەللىم خۇش تەبەسسۇم بىلەن تۇراتتى . مەن ئورنۇمدىن «لىككىدە» تۇردۇم-دە ، يېنىغا باردىم . ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ قويدى ۋە قولۇمدىن يېتىلەپ ئۆيىگە ئاپاردى .

— ئاغزىڭنى ئاچ ، بالام ، — دېدى رەجەپ مۇئەللىم .

— ھا...

ئۇ ئاغزىمغا كىچىككىنە ئاق قەغەزگە ئورالغان شېكەرنى ئاستا - ئاستا قويدى ۋە :

— ھېيتلىق قىل ، — دەپ بىر مونى قولۇمغا تۇتقۇزدى . شۇ چاغدا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا ئاجايىپ بىر خىل ئىللىق سېزىم تارالغاندەك بولدى . مەن ئىنتايىن خۇش بولدۇم . ئىچىمدە بولسا ئاداشلىرىمغا : «مېنىڭمۇ پۇلۇم بار بولدى » دەپ توۋلايتتىم . چۈنكى ، ئۇلار بىلەن بىللە ئويناشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە ؟ !

ھازىر گەرچە ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا رەجەپ مۇئەللىمنى

يوقلاپ بارالمىساممۇ ، ئەمما ياد ئېتىپ تۇرىمەن . چۈنكى ، شۇ
چاغدىكى ئازراق شېكەر ۋە بىر مو پۇل ماڭا تا ھازىرغىچە مېھىر-
مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلدى ، شۇنداقلا ماڭا تۇر-
مۇشنىڭ قەدىرىگە يېتىشنى ئۆگەتتى . لېكىن ، ھازىرقى بىر
قىسىم باللار نېمىشقا ئاتا - ئانىسىنىڭ جاپاسىنى ، ئائىلىنىڭ
ئىقتىسادىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنمەيدىغاندۇ ؟ بۇنىڭ سەۋەبى
نېمە ؟ ھەر قېتىم بۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئىختىيارسىز باللىق
چاغلىرىمدىكى ئاشۇ بىر مو پۇل ئېسىمگە كېلەتتى .



# توكۇر قۇشقاچ

قىشنىڭ بىر ئەتىگىنى ھەممە يەرنى مامۇقتەك ئاپئاق قار
قاپلىغانىدى . دەل - دەرەخ ، چەللە ۋە ئۆگزىلەر يىراقتىن قارد-
غاندا خۇددى ئاق شايى ياغلىق ئارتىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى . مەن
تىمتاس قىشنىڭ ئادەمنى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇرىدىغان ئاچ-
چىق سوغۇقىدىن تىترەپ ، دۇگدەيگىنىمچە قوي ئېغىلىنىڭ ئال-
دىغا باردىم . ئوقۇردا يىرىك سامان ئۇۋاقلىرىدىن باشقا ھېچنېمە
قالمىغانىدى . بىر كورا قوناقنى كوركىرىتىپ قۇيۇپ بەردىم -
دە ، ئۆي تەرەپكە بۇرۇلدىم .

«ۋىچىر - ۋىچ» قىلغان زەئىپ ئاۋاز بىلەن تەڭ ، خۇددى
بىركىم سىېھىرلەپ قويغاندەك ئورنۇمدا توختاپ قالدىم . ئېغىل-
نىڭ يان تەرىپىدىكى قېرى ئۇجمە دەرىخىدە بىر ئاق قۇشقاچ
نېمىگىدۇر بىرنېمىگە بويۇنداپ قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ «ۋىچىر-
ۋىچ» قىلغان ئاۋازى كۆڭۈلۈمگە ئىچ ئاغرىتىشتەك تۇيغۇنى تاشلاپ
قويدى . مەن دەقىقە ئىچىدە خىيالىمنى يىغدىم - دە ، قۇشقاچقا
قارىدىم . ئۇنىڭ جۇغى كىچىك ، رەڭگى قارامتۇل ئىدى . ئۇ پات-
پات ئەيمىنىپ قاراپ قوياتتى . قىسقا بويىنىنى ئالدىغىراق سوزۇپ
ئۇچۇشقا تەمشىلەتتىيۇ ، ئەمما ئۇچماي ، ئەتراپنى بىرمۇبىر كۆزد-
ەتتى . مەن ئارقامغا چېكىندىم ۋە ئۆيدىن بىر سىقىم بۇغداي
ئېلىپ چىقىپ ، ئوقۇر بويلاپ ئۆينىڭ ئىچىگىچە چاچتىم . ئىد-
شىكنى قىيا ئېچىپ تۇتقۇچقا ئۇزۇن يىپنى باغلىدىم - دە ،
يوشۇرۇنۇپ ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم . ئۇ «پۇرر-
دە» ئۇچتى - دە ، ئوقۇرنىڭ گىرۋىكىگە قوندى ۋە بىردەم جىم
تۇرغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ دانلاشقا باشلىدى . ئۇ ھەر ئۇچ-

تۆت تال دانني يەپ بولۇپ ئەتراپقا ۋەھىمە بىلەن قارايتتى ، ئاندىن يەنە دانني چوقۇلايتتى ، سەكرىگەندە نېمىشقىدۇر بىر پۇتىدىلا سەكرەيتتى . ئۇ دان يېگەچ بارا ـ بارا مەن تەرەپكە قاراپ كەلمەكـ تە . ئۇ «دىككىدە» سەكرىدى ـ دە ، يەردىن بوسۇغىغا چىقتى ۋە سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۆي ئىچىگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن ئورنىدا بىردەم جىم تۇردى . ئۇ شۇ تۇرقىدا ناتونۇش ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەن تارتىنچاق بالىغىلا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ يان تەرىپىدىكى يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك كىچىك ، قاپـ قارا ، دۈگىلەك كۆزىنىڭ نۇرى تۇندىكى چولپان يۇلتۇزدەك يېـ نىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرى ئىسلىنىپ قارىداپ كەتكەندى . مەن ئەجەبسىنىپ تېخىمۇ زەن سېلىپ قارىدىم ، ئۇنىڭ بىر پۇتى كۆرۈنمەيتتى . مەن بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىدا ئۇنىڭ تېزرەك ئۆيگە كىرىشىنى تىلىدىم . بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى . كۈتكىنىمدەك ، ئۇ ئۆي ئىچىگە كىردى . ئىشىك «جالاققىدە» يېپىلدى . قۇشقاچ پالاقشىپ ئۇچتى ـ دە ، ئۆينىڭ تورۇس ، تام ، دېرىزىلىرىگە ئۆزىنى ئۇرغىلى تۇردى . مەن ئۇنى قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئورنۇمدا جىم تۇردۇم . بىر چاغدا ھالىدىن كەتتى بولغاي ، ئۇ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈۋالدى . مەن ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم ـ دە ، ئۇنى «كاپپىدە» تۇتۇۋالـ دىم . ئۇ ۋىچىرلاپ نالىمۇ قىلمىدى ، ئەمما بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ قولۇمدىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشاتتى ، يۈرىكى ئەنسىز سوقاتتى . ئۇنىڭ بىر پۇتى بېغىشىدىن سۇنغان بولۇپ ، ئاستى تەرىپى يىپقا چىگىلگەن تاياقچىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى ، ئۇچۇش جەريانىدا قانىتىمۇ زېدە بولغان بولۇپ ، قىپقىزىل قان يۇمران تۈكلەر ئارىسىدىن سىرغىپ تۇراتتى .

مەن ئۇنى بىر ئايچە كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ ، تەتىل ئاياغلىشىشقا يېقىن قويۇۋەتتىم . قۇشقاچ ئۇچۇپ كەتتى ، ئەمما ئۇ خىيالىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى . چۈنكى ، مەن بىر پۇتى

ناكار تۇرۇقلۇق ، ئۇنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تىرمىشىۋاتقان قەيسەرا-
نە روھىدىن نېمىدۇر بىرنېمىنى كۆرگەندەك بولغانىدىم . مەن
ئېغىر سۇكۇتكە چۆمدۇم . كۆز ئالدىمدا ئادەملەر قۇشلارغا قورال
تەڭلىمەكتە ، تۇزاق قويماقتا ، بالىلار رەگەتكە ئاتماقتا ... مەن
ھەسرەت ئىلكىدە : «قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز دەيمىز ، دوستىغا
قەست قىلىش چىن ئىنساننىڭ قىلىقى ئەمەسقۇ !» دېگەنلەرنى
ئويلاپ قالدىم .



# تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى

بۈگۈن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداشىم مەرھابانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى . ئۇنىڭغا ياخشىراق سوۋغا ئېلىش ئارزۇيۇم بولسىمۇ ، يېنىمدا ئاران ئىككى يۈەنلا بار ئىدى . شۇڭا نېمە ئېلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدىم . كاللامدا ھەر خىل خىياللار بۇلۇت توپىدەك ئەگىيتتى . ئۇ باي ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئىككى يۈەنلىك سوۋغىنى يارىتارمۇ ؟ مۇبادا باللار ئالدىدىلا ئەسكى پېتەكنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋەتسىچۇ ؟ ياق ، ياق ، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ ، بىراق باشقا باللار چوقۇم مازاق قىلىشىدۇ . ئاھ ، نامراتلىق ! بىزمۇ باي بولغان بولساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە ؟ !

بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئىچ - ئىچىمدىن ئازابلىناتتىم .

— قىزىم ، ئاغرىپ قالمىغانسەن ؟ چىرايىڭ يامغۇرلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كېتىپتىغۇ ؟ قارا ئەپتىڭگە ! — دادام شۇنداق دېگەچ قولۇمدىكى ئېغىر سومكىنى ئالدى .

— ھېچ ··· ھېچنېمە ··· ، — كۆزۈمدە مەرۋايىتتەك ئىككى تامچە ياش يالتىرايتتى . بىچارە ئانام تۆشەكتە ياتقىنىچە ئىڭرايتتى . ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن ، سۇۋاقلىرى كاكچا نانىدەك ئاجرىغان بولۇپ ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىدىن مۇڭ تۆكۈلەتتى . پەقەت دادامنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى سەرخىل كىتابلارلا گويا كېچە ئاسمىنىدىكى قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك چاقنايتتى .

— سېنىڭ ئارامىڭنى بۇزغان زادى قايسى ئىش ، قىزىم ؟ نېمە گېپىڭ بولسا ماڭا ئېيت ! — دادام شۇنداق دەپلا ئاتلىق

مېھرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ قويدى .

— ساۋاقدىشىم مەرھابانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى . يېنىمدا ئىككى يۈەنلا بار . نېمە ئېلىشىمنى بىلەلمەي ··· ، — گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي «پاڭڭىدە» يىغلاپ سالدىم .

— ئەسلىي مۇشۇ ئىشمىدى ، قىزىم ؟ مېنىڭچە كۆڭۈل سوۋغىسىنىڭ چوڭ - كىچىكى بولمايدۇ . كىشىلەر ئارىسىدا دوستلۇق ، مۇھەببەت ھەممىدىن ئەۋزەل ، شۇڭا ساۋاقدىشىڭغا ياخشى كىتابتىن بىرنى سوۋغا قىل ! مۇمكىن بولسا بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىڭلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭلار . بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك بولىدۇ . قانداق دېدىم ؟ — دېگىنىچە يازغۇچى يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئاكىنىڭ «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن» دېگەن كىتابىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى .

— بىراق ھېچكىم ئۇنداق قىلمايدىغان تۇرسا ، باشقىلار نېمە دەپ قالىدۇ ؟ — دېدىم مەنمۇ كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي .

— باشقىلار بىلەن نېمە كارىڭ ، قىزىم . ئۆزۈڭ توغرا دەپ قارىغان ئىشنى چوقۇم ياخشى قىل ! مېنىڭچە ، ساۋاقدىشىڭ مەرھابا دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان قىز . ئۇ چوقۇم خۇش بولىدۇ ، — دېدى دادام ۋە كىتابنىڭ سىرتىنى ئاپئاق قەغەز بىلەن چىرايلىق ئوراپ ، ئۈستىگە مېنىڭ نامىمدا مۇنداق يېزىپ بەردى :

«ساۋاقدىشىم مەرھابا ، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن !

كىتاب ئوقۇپ جان دوستۇم ،
ئۇسسۇزلۇققا قانايلى .
كەلگۈسىدە ئالىم بوپ ،
ئەل - ۋەتەنگە يارايلى !

ساڭا مەڭگۈلۈك بەخت تىلەپ :

ساۋاقدىشىڭ نۇربىيەدىن
2006 - يىل 8 - مارت»

بۇلارنى كۆرۈپ باھار يامغۇرىغا ئېرىشكەن مايسىدەك بىر ئاز ئۇمىدلەندىم، تەشۋىشلىرىم بارا - بارا يوقالدى.

كەچ كىردى. ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ياغاچ ئويمىلار بىلەن بېزەلگەن ياسىداق ئايۋان ئۆيدە بىر مۇنچە قىز - ئوغۇل ساۋاقداش كارىۋات بويلاپ، خۇددى سىم تاناپ ئۈستىدىكى قارلىغاچ باللىرىدەك قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىدىكى گۈل نەقىشلىرى كۈچلۈك نۇر ئاستىدا ۋاللىدايتتى. باللار ئەكەلگەن ھەر خىل ئېسىل سوۋغا بۇيۇملار ئۈستەل ئۈستىدە «قانداق، كۆردۈڭمۇ؟سەن نېمە ئەكەلدىڭ؟» دېگەندەك ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن سەل ئەيمىنىپرەك بوسۇغىدىن ئاتلىدىم ۋە تارتىنىپ تۇرۇپ:

— سالام، ساۋاقداشلار! ياخشىمۇسىزلەر؟— دېيەلىدىم، ئاندىن چوغلۇق گۈلىدەك ياسىنىۋالغان مەرھابانىڭ ئالدىغا باردىم - دە:

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن! — دېدىم ۋە كىتابنى سۇندۇم. ئۇ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. باللار نېمە ئەكەلگەنلىكىمگە قىزىقىشىپ بويىنىنى غازدەك ئالدىغا سوزۇشاتتى. ئۇ ئورۇنى يىرتىپ ئاچتى - دە:

— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى! — دەپلا مېنى قۇچاقلىۋالدى ۋە، — كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپسەن. ساڭا رەھمەت! — دېدى. شۇ چاغدا قايسىبىر ساۋاقداشنىڭ:

— تۇغۇلغان كۈندە كىتابمۇ ئەكەلگەن بارمۇ؟ تازا بىر پىخسىقمۇ نېمە؟— دېگەن سۆزى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، ئەمما بۇ چاغدا قەلبىمدىكى ئەنسىرەش، تەشۋىش ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەن بولۇپ، كۆڭلۈم باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، سوۋغامنى دوستۇم مەرھابا چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلدى ئەمەسمۇ؟

# موزدوز بالا

نەچچە كۈن زۇكامدىن قىزىتمام ئۆرلەپ خىزمەتكىمۇ بارال-ماي ئۆيدە ياتاتتىم . ئۆيگە بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا ، ئۇچىسىغا پاختا كۆڭلەك كىيىۋالغان ئون ئۈچ ياشلاردىكى ئوماققىنا بىر بالا كىرىپ كەلدى . بۇ بالا كوچا دوقمۇشىدا موزدوزلۇق قىلاتتى . بىر كۈنى مەن ئايغىمنى ياماتقىلى بۇ موزدوز بالىنىڭ يېنىغا كەلدىم . ئۇ ئايغىمنى يامىغاچ ماڭا قانداقتۇر بىر گېپى باردەك چىرايىمغا قارايتتى - دە ، يەنە بېشىنى چۈشۈرۈۋالاتتى . مەن ئۇنىڭدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن سۆز باشلىدىم :

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— تۇرسۇن .

— قانچىنچى يىللىقتا ئوقۇيسەن ؟

— مە⋯ن ، مەن مەكتەپتە ئوقۇمايمەن .

— هە ، مۇنداق دېگىن ⋯ ، — مەن گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم ، چۈنكى ئۇنىڭ چىرايىنى مەيۇسلۇك قاپلىغانىدى .

— مۇئەللىم ، سىزنى بىر ئىشقا ياردەم قىلارمىكىن دېگەنىدىم ، — دېدى ئۇ ناھايىتى قىينىلىپ تۇرۇپ . مەن ئەجەبلىنىپ سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم .

— مۇئەللىم ، ھەيران قېلىۋاتامسىز ؟ سىزنى بىرەيلەن ئە-پەندىچىلىك قىلىدۇ ، دېگەنىدى . مەن پەقەت مەكتەپ يۈزى كۆ-رۈپ باقمىغان ، سىزنى شۇ ساۋاتىمنى چىقىرىپ قويارمىكىن دېۋىدىم ، — دېدى تۇرسۇن دادىللىق بىلەن .

ئۇنىڭغا بەكمۇ مەستلىكىم كەلدى . چۈنكى ئوقۇش شارائى-تىغا ئېرىشىپمۇ ياخشى ئوقۇمايدىغان بالىلارنى ئاز دەمسىز .

— بولىدۇ ، سەن ماقۇل كۆرسەڭلا مەن تەييار ، — دېدىم قىزغىنلىق بىلەن .

شۇنىڭدىن باشلاپ ، مەن تۇرسۇنغا ئېلىپبە ئۆگىتىشكە باش-لىدىم . قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدە ساۋاتى چىقىپ كىتابلارنى راۋان ئوقۇيالايدىغان بولدى . مەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل ئىدىم ...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — تۇرسۇن شۇنداق دېگىنىچە كۆتۈ-رۈۋالغان نەرسىنى قويدى - دە ، قولىنى ماڭا ئۇزاتتى . مەنمۇ دەرھاللا :

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدىم .

بىز كونا دوستلاردەك قىزغىن كۆرۈشتۇق .

— هازىر ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟ — دېدى ئۇ تولىمۇ كۆيۈن-گەن هالدا .

— هەر هالدا ياخشى ، — دېدىم بۇرنۇمنى «شارت» تارتىۋې-تىپ .

— مۇئەللىم ، سىزنى نەچچە كۈن كۆرمەي ئەنسىرەپ قېلىپ ئۆيىڭىزگىلا كېلىشىم ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئالدىمغا پىچىنە - پىرەنىك سېلىنغان سولياۋ خالتىنى ئالدىمغا قويدى . مەن :

— مېنى خىجىل قىلما ، ئۇكام ، بۇلارنى ئەكەتكىن ، — دەپ قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدىم ، ئۇمۇ زورلاپلا تۇرۇۋالدى ۋە :

— ياق ، مۇئەللىم ، سىزنىڭ ماڭا قىلغانلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا بۇ قانچىلىك ئىشتى ، بولسا بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلسام بولاتتى . مەن ماڭاي ، مەن يەنە يوقلاپ كېلىمەن ، — دېدى - دە ، ئورنىد-دىن تۇردى . مەن ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغىچە چىقتىم . ئۇ «خوش» دېگىنىچە مەغرۇر قەدەملەرنى ئېلىپ كېتىپ قالدى . مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىمچە :

— موزدۇز بالا ، سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىم ، — دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم .

# چۆچەكلەر



# ئۆمۈچۈك بىلەن چىۋىن

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، ھەرە چېقىمچى ، پاشا يالاقچى بولغان زاماندا ئۆمۈچۈك بىلەن چىۋىن قوشماق مېغىزدەك يېقىن ئۆتىدىكەن . ئۇلار نېمە تاپسا بىللە يەپ ، راھەتتىمۇ ، جاپادىمۇ بىللە بولىدىكەن . ئۆمۈچۈك باپكارلىق قىلىپ ئېسىل مەشۈت توقۇسا ، چىۋىن ئۇنى جاي - جايلارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ھاشاراتلار ئۇلارنىڭ سودىسىغا ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ .

بىر كۈنى شۇ ھەسەتخورلارنىڭ بىرى بولغان سېرىق ھەرە چىۋىننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە ، ناھايىتى كۆيۈنگەن قىياپەتتە :

— چىۋىن ئاداش ، ئۆمۈچۈك دېگەن باداڭ قورساقتىن ھېزى بولمىساق بولمىغۇدەك ، ئاڭلىسام ئۇ سېنى «نىجاسەت» دەپ تىللاپتۇ . تېخى بارغانلار يېرىدە :

«كۈندە رەخت توقۇسام ،
كەلگۈسىدە ئوقۇسام .
يىللار ئۆتسە بىر كۈنى ،
چىۋىن تازنى قوغلىسام . »

دەپ ناخشا ئېيتىپ يۈرەرمىش ، — دەپتۇ .چىۋىن ئارتۇق گەپ-سۆز قىلماي ئۇچۇپ كېتىپتۇ . كۆڭلىدە :

«ئۇ بەك سەمىمىي ،
ياشىدۇق ئۇزاق .

هەرقانچە بولسا ،
قورماس تۇزاق .»

دېگەنلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ ، ئەمما «گۇمان ئەقىلنى گال قىلىدۇ» دېگەندەك ھەر خىل گۇمانلار بىلەن بىر كېچە ئۇخلىيالماپتۇ . تاڭ ئاتقاندا بولسا ئورنىدىن تۇرالماپتۇ . چىۋىننىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مارجان كۆز ئۈمۈچۈك كۆڭلىدە : «ئۇ باپكارنىڭ موكىسىدەك تولا يول مېڭىپ هاردى . بۈگۈن قانغۇچە ئۇخلىۋالسۇن ! پاشا خېنىمغا رەختنى ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەي» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە رەختنى ئاپىرىپ بېرىپتۇ . ئەتىسى پاشا خېنىم غىڭشىغىنىچە چىۋىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، كېكەچلىگەن پېتى :

— تۇ ... تۇنۇگۈن ئۈمۈچۈك رەخت ئەكەپتىكەن . مەندىن پۇل ئېلىۋاتقاچ : «بۇ پۇلنى چىۋىن ئۇقمايدۇ . ھەرگىزمۇ تىنىماڭ ! ئۇ چۈپرەندە ئۇقۇپ قالسا بولمايدۇ» دەپ كېتىپ قالدى ، — دەپتۇ ۋە چىۋىننىڭ ئەتراپىدا سەت غىڭشىپ نايناقلاشقا باشلاپتۇ . چىۋىن بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي ، ئۇدۇل رەخت ئامبىرىغا بېرىپتۇ . قارىسا ، دېگەندەك ئىككى توپ رەخت يوق تۇرغۇدەك ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ :

زەھەرخەندە ئۈمۈچۈك ،
مېنى ئەخمەق كۆردۈڭمۇ ؟
يوشۇرۇنچە رەخت سېتىپ ،
ئۆزۈڭ يالغۇز يېدىڭمۇ ؟

دەپ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ، ئۆزىچە گىژىلداپ كېتىپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئۈمۈچۈك :

— نېمانچىلا گىژىلدايسەن ؟ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ ؟ كې-

— سەل بولساڭ دوختۇر ھەسەل ھەرىسىنىڭ يېنىغا ئاپىراي ، — دەپتۇ چىن قەلبىدىن كۆيۈنۈپ .

— ھىم ، دوختۇرنىڭ يېنىغا ئاپىرارمىش . ئۆلۈمۈمنى كۈتۈۋاتقانسەن ھەقاچان ؟ — دەپ زەردە قىپتۇ .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان ئۆمۈچۈكنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بوپتۇ .

چىۋىن :

نېمە دېدىم - دېمىدىم ،
ھەممىگە ئايان .
قىساسىمنى ئالىمەن ،
سېنىڭدىن ھامان .

دېگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ ۋە ئەتىسى پاشا خېنىمنىڭ يول كۆرستىشى بىلەن بارلىق قېرىنداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۆزىنى نجاسەت بىلەن بۇلغاپ ، ئۆمۈچۈكنىڭ توقۇغان رەختلىرىنى مەينەت قىلىۋېتىپتۇ . ئۆمۈچۈك ياخشى گەپ قىلىپمۇ ، يالۋۇرۇپمۇ ، چۈشەندۈرۈپمۇ بېقىپتۇ ، ئەمما چىۋىن زادى بولدى قىلماپتۇ . ئۆمۈچۈكمۇ توقۇغان رەختلىرىنى ھېچكىمگە ساتالماي كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ ، ئورۇقلاپ ئېغىر كۈنگە قاپتۇ ۋە ئۆيىنى چىۋىنگە تاشلاپ بېرىپ ھېچكىم بارمايدىغان جايغا بېرىپ پاناھلىنىپتۇ . ئەمما ، چىۋىن يەنە باستۇرۇپ كېلىپ ، ئۆمۈچۈكنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغا چىچىپ ۋە قۇسۇپ ، ئۇنى تونۇغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ . تاقىتى تاق بولغان ئۆمۈچۈك كۆڭلىدە :

«چېقىمچىنىڭ گېپىگە ،
ماقۇل دېگەن نوچىسەن .

تور توقۇسام سەن ئۇچۇن .
ئەمدى قانداق قىلىسەن ؟ »

دەپ ئويلاپتۇ . ئۇ چىۋىندىن مۇداپىئەلىنىش ئۇچۇن ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك كەڭ قىلىپ ، كۆرۈنمەس يىپ بىلەن تور توقۇپتۇ . شۇنىڭدىن بېرى ، چىۋىنلەر ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقان هامان تورغا چۈشۈپ قېلىپ بىر - بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلاپتۇ ۋە قىلغان ئىشىغا پۇشايمان يەپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، «كىمگە قىلساڭ يامانلىق ، تاپالمايسەن ئاراملىق » دېگەن ماقال كەڭ تارقىلىپتۇ .



# قاغا

بۇرۇنقى زاماندا ، مۇشۇ ماكاندا سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك ، ئوت - چۆپلىرى بولۇق ، مېۋىسى تولۇق ، ھاۋاسى ساپ گۈزەل بىر باغ بولغانىكەن . بۇ باغدا كاككۇك ، كەپتەر ، پاختەك ، ھۆپۈپ ، قاغا ، جىگدىچى ، ئاق قۇشقاچ ، قارا قۇشقاچ ... قاتارلىق ھەر خىل قۇشلار بىللە ياشايدىكەن . باغ ئەتراپى قاپاق تېرەك ، سۆگەت ، مەجنۇنتاللار بىلەن تولغانىكەن . سۈتتەك ئايدىڭ ئاخشاملىرى مەجنۇنتال قىزلارنىڭ قىرىق تال ئۆرۈم چېچىدەك ئىنچىكە سۇمبۇل چاچلىرىنى كۆل سۈيىدە يۇيۇپ تارايدىكەن . تاڭ سۈزۈلمەستىنلا قۇشلار باغ ئىچىدە چۇرۇقلىشىپ ، بار ئاۋازىدا سايرايدىكەن ، بىر - بىرى بىلەن ئىجىل - ئىناق ياشايدىكەن ، ئۆزئارا پىچىرلىشىپ ، كۆڭۈللىرىدە نېمە بولسا شۇنى دېيىشىدىكەن ، تاپقىنىنى تەڭ يېيىشىدىكەن .

قاغا ئەسلىدە خەسىدىنمۇ ئاق ، سەمىمىي قۇش بولۇپلا قالماي ، ئالامەت چىرايلىق سايرايدىكەن ، ئۇ بىر سايرىسا بۇلبۇلمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا زۇۋان سۈرەلمەيدىكەن . شۇڭىمۇ تەرەپ - تەرەپتىن قۇشلار كېلىپ ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى زوق - شوخ بىلەن ئاڭلايدىكەن . ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا قاغىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ بېرىدىكەن ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ :

«ئاقلىق ، پاكلىق ئەلچىسى ،
دادام ئاپئاق ، ئاپام ئاق .
مەن سەمىمىي قۇش بولغاچ ،
يۈزۈم ئاپئاق ، بالام ئاق .»

دېگەن ناخشىسىنى تەرەپ ـ تەرەپتە داڭلايدىكەن . كاككۇك :

«قاغا ئاداش ، جان ئاداش ،
زەينىپىمنى تېپىپ بەر .
مۇڭلىرىمغا مۇڭ بولۇپ ،
يېڭى ناخشا ئېيتىپ بەر .»

دەپ ئۈنىڭغا بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلىسە ، كەپتەر :

«ۋۇق ـ ۋۇق ، ۋۇق ، كۆڭلۇم توق ،
يەتتە ئىقلىمدا سەندەك گۈزەل يوق .»

دەپ ئۈنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىكەن . ھۆپۈپ قاتارلىق باشقا قۇشلار ئۈنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ ئۈنىڭدىن سايراشنى ئۆگىنىدىكەن .

يىللار ئۆتۈپ بىر قىشلىقى قار تەلپەكتەك ـ تەلپەكتەك يېغىپتۇ ، يېغىپتۇ . شۇ ياغقانچە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يېغىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن يەر ـ جاھان ئاپئاق جۇۋىسىنى كىيىشىپ- تۇ . قۇشلارنىڭ يەيدىغان ھېچنېمىسى يوق ئېغىر غەمگە پېتى- شىپتۇ . ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن ھۆپۈپ موللام يىغىن ئېچىپتۇ ۋە :

— ئارىمىزدا قېرىلار ، بالىلار ، ئاجىزلار بار . ئۇلار ئاچلىق- تىن ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ . شۇڭا كارغا كېلىدىغانلار دان ئى- زدىشقا چىقايلى . تاپقانني ئەكېلىپ ، تەڭ يەيلى ، — دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قۇشلار سوغۇققا قارىماي يىراققا ئاتلىنىپتۇ ، ھەممە يەرنى تاتىلاپتۇ ، ئەمما تۇزۇك بىر نەرسە تاپالماي جان ـ جانىۋار- لارغا ، ھاشاراتلارغا دادلىنىپتۇ . چۇمۇلە يازچە يىغقانلىرىنى قارا قۇشقاچقا ئازراق بۆلۈپ بېرىپتۇ .كەپتەر ئات تېزىكىدىن ھەزىم

بولمىغان قوناقلارنى تېرىپتۇ. جىگدىچى جىگدە ئەكەپتۇ. كاك-
كۇك، پاختەك قۇرۇق قول يېنىپتۇ. ھۆپۈپ خوراز بەرگەن
داننى ھەشقاللا ئېيتىپ ئاپتۇ. ئاق قۇشقاچ قىسماققا چۇشۇپ
قېلىپ بىر پۇتىدىن ئايرىلىپتۇ. قاغا چېنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ
قۇشلار تاپقىنىنى كەپتەرگە بىر - بىرلەپ ئۆتكۇزۇپتۇ. كەپتەر
ھەممىسىگە ئاز - ئازدىن بۆلۈپ بېرىپتۇ، ئۆزى بولسا ھەممىدىن
ئاز يەپتۇ. كۇنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۇپتۇ. قاغا ئاچلىققا چىدىماپتۇ
ۋە:

مەن ئېسىلزادە نەسلىمەن،
ناخشا دېسە پىرىمەن.
ماڭا داننى ئاز بەردىڭ؟
ئەمدى قانداق قىلىمەن؟
ئۆتسە كۇنلەر ئاچ - زېرىن،
ھالسىزلىنىپ ئۆلىمەن.

دەپ باغنى بېشىغا كىيىپتۇ. باشقا قۇشلار چىداملىق، جاسارەت-
لىك بولۇشنى ئېيتىپ ئۇنى بەزلەپتۇ. لېكىن، ئۇ قۇشلار ئۇيقۇ-
غا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىقچە داننى يەۋاپتۇ. جىگ-
دىچى قاغىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن بۇنى بىلىۋاپتۇ ۋە ھۆپۈپ موللامغا
مەلۇم قىپتۇ. ھۆپۈپ موللام قاغىنى ئايرىم چاقىرتىپ:

كىرسەڭ نەپسىڭ كەينىگە،
دىلىڭ يارا بولىدۇ.
ئىككى ئالەم ئەل ئارا،
يۇزۇڭ قارا بولىدۇ.

دەپ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپتۇ ، ئەمما قاغا يەنە نىيىتىدىن يانماپتۇ .

بىر كۈنى كەچتەر ماغدۇرسىزلىنىپ ، تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپتۇ . قۇشلار ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە پايپېتەك بوپتۇ . پاختەك بۇغداينى قايىنتىپ قويۇپ سىرتقا تەمەچ تەرگىلى چىقىپ كېتىشى بىلەن نەپسى تاقىلداپ كەتكەن قاغا ئوغرىلىقچا كىرىپتۇ ۋە قايناپ تۇرغان قازانغا ئاغزىنى تىقىپتۇ . شۇ زامان ئۇنىڭ تىلى كۆيۇپ كېتىپتۇ ـ دە :

قاق ، قاق ، قاق ،
جېنىم بارمۇ ساق ؟

دەپ سەت قاقىلداپتۇ ۋە ئاللا ـ توۋا قىلىپ يىغلاپتۇ . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قۇشلار :

نىيىتىڭمۇ بۇزۇلدى ،
بالا تەگكۈر سەت قاغا .
زۇۋانىڭمۇ تۇتۇلدى ،
يىراقلارغا كەت قاغا .

دەپ تىللىشىپتۇ ۋە ئۇنى ھەيدىۋېتىپتۇ . ئۇ شۇ ئۇچقانچە بىر دېھقانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قوناق ۋە ياڭاقلىرىنى ئەپقېچىپ كۆمۈپ قويۇپتۇ ، دېھقان بۇنى كۆرۈپ قېلىپ :

— ھۇ ، ھاراملىق ، شورۇڭ قۇرۇغۇر ئىلاھىم ، — دەپ قارغاپتۇ .

ئەمما ، قاغا داۋاملىق ئوغرىلاپ كۆمۈپ قويۇۋېرىپتۇ . نېـمىشقىكىن ، ھەر كۈنى ئۆزى كۆمگەن ياڭاق ، قوناقلارنى تاپالماپـتۇ . شۇڭا ئۇ خوراز چىللىماستىنلا :

قاق ، قاق ، قاق ،
نەگە كەتتى ياڭاق ؟
چاشقان ئەپقاچتىمۇ ،
كۆرۈنمەيدۇ قوناق .

دەپ نالە قىلىپتۇ ۋە ئوغرىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ . قاغىنىڭ دەردىدىن جاق تويغان دېھقان :

تېنىڭ ئاپئاق ھەي قاغا ،
دىلىڭ قارا ئىكەنغۇ .
يەنە كەپسەن داپشاق يۈز ،
ئەمدى كەلمە دېگەنغۇ .

دەپ قاغىنى تاش ئېتىپ قوغلىۋېتىپتۇ . دېھقان ياڭاق ، قوناقلىرىنى پالاس بىلەن يۆگەپ قويسىمۇ ، قاغا يەنە ئەپقېچىپتۇ .
بىچارە دېھقان :
— ئىلاھىم ، تېنىڭمۇ دىلىڭدەك قارا بولغاي ، قارا يۈز ! نەپسى ئوتىدا قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن ، — دەپ قاغىنى يەنە بىر رەت قارغاپتۇ . ئۇنىڭ ئاھى تەڭرىگە يەتكەنمۇ ، ئەتىسى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاپقارا رەڭگە ئۆزگىرىپ قاپتۇ . ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ :

قاق ، قاق ، قاق ،
مەن ئەسلي ئاپئاق .
ئاۋازىمدىمۇ ،
يوق ئىدى چاتاق .
زادى نېمە بولدى ؟
ياخشى ئويلاپ باق ؟

دەپ توۋلايدىغان بولۇپ قاپتۇ .

# مۈشۈك بىلەن چاشقان

بۇرۇن مۈشۈك بىلەن چاشقان يېقىن دوستلار ئىكەن . ئۇلار نېمە تاپسا تەڭ يەپ ، جاپادىمۇ ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە ياشايدىكەن . مۈشۈك ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ئىكەن . كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۈشۈكنىڭ پەزىلىتى يىراق - يېقىنغا تارقىلىپتۇ . ئادەملەر ئۇنىڭ ئوماق ، يېقىشلىقلىقىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە :

مىياۋ - مىياۋ مۈشۈكۈم ،
بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى .
ئىناق - ئېجىل دوست بولۇپ ،
خۇشال - خۇرام ياشايلى .

دەپ مۈشۈكنى شەھەرگە تەكلىپ قىپتۇ . مۈشۈك كۆزى قىيمىغان ھالدا چاشقانغا قاراپتۇ . چاشقان :

سەن كېتىۋەر خاتىرجەم ،
يالغۇزلۇقتىن قورقمايمەن .
يەنە مېنى دوست بىلسەڭ ،
پات - پات بېرىپ يوقلايمەن .

دەپ ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ . مۈشۈك شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن سەمرىپ ، پارقىراپ ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇ ئىگىسىدىن بىسوراق ھېچنېمىگە چېقىلماي باللار بىلەن ياخشى ئوينىغاچقا ، كۈندىن - كۈنگە

ئەتىۋارلىنىپتۇ ۋە ئۆي خوجىدارى بوپتۇ . بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ چاشقاننى چۈشەپ قاپتۇ . چۈشىدە چاشقان ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ ، يەيدىغان نەرسە تاپالماي يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك . ئەتىسى مۈشۈك ئىگىسىگە :

مەن چاشقاننى سىغىندىم ،
مىنى يوقلاپ كەلسۇنچۇ .
ئۈچ كۈن تۇرۇپ بۇ ئۆيدە ،
ئانچە - مۇنچە تويسۇنچۇ .

دەپ مىياڭلاپ يالۋۇرۇپتۇ . ئۆي ئىگىسى مۈشۈكنىڭ دوستىغا سادىقلىقىدىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە :

— بوپتۇ ، چاشقان كىلىپ ئويناپ كەتسۇن ، بىراق سەندىن سورىماي بىرەر نەرسىگە چېقىلمىسۇن ، — دەپتۇ . مۈشۈك ماقۇل بولۇپ ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ ، چاشقانغا :

جىنىم دوستۇم چاشقانجان ،
سەن سالامەت تۇردۇڭمۇ ؟
سەھەر تۇرۇپ ھەر كۈنى ،
يۈز - قولۇڭنى يۇيدۇڭمۇ ؟

يازالمىدىم خەت ساڭا ،
مىنى ئەسكى دىدىڭمۇ ؟
ئىشلەپ بىرىپ خەقلەرگە ،
تاتلىق - تۇرۇم يىدىڭمۇ ؟

بەك سىغىندىم مەن سىنى ،
خەتنى ئېلىپ چاپسان كەل !

مېھمان قىلاي ئۆيۈمدە ،
نېمە دېسەڭ ھەممە تەل .

دەپ خەت يېزىپ پوچتىدىن سېلىۋېتىپتۇ . چاشقان خەتنى تاپشۇ-رۇۋېلىپ مۈشۈكنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ . مۈشۈك ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە ئىززەت - ئېكرام بىلەن مېھمان قىپتۇ . چاشقان مۈشۈككە :
— ئۆيۈڭ نېمىدېگەن ئازادە ، پاكىز ، رەتلىك ، ھەممە نەرسە بار ئىكەن ، بەك تەلەيلىككەنسەن ، — دەپتۇ .
— بۇ مېنىڭ ئىگەمگە سادىق بولغانلىقىمنىڭ ئىلتىپاتى ، شۇڭا مەن مۇشۇنداق ياخشى ماكانغا ئېرىشتىم ، — دەپتۇ مۈ-شۈك . ئۇچ كۈنمۇ توشۇپتۇ . ئەمما ، چاشقاننىڭ زادى قايتقۇسى كەلمەپتۇ . ئۇ «ئۆيدىكى يېمەكلىكنى ئەپقاچساق نېمىدېگەن ياخ-شى !» دەپ ئويلاپتۇ ۋە مۈشۈككە :
— ئىككىمىز كونا دوست ، سەن بۇ يەردە قېلىپ ، مەن كەتسەم ساڭا چىدىيالمايدىكەنمەن . شۇڭا ، ئۆيدىكى يېمەكلىكلەر-نى ئەپقاچايلى ، — دەپتۇ . مۈشۈك :

ھەرگىز ئۇنداق دېمىگىن ،
يامان يولغا كىرمىگىن .
جان كەتسىمۇ جان دوستۇم ،
مېھنەت قىلماي يېمىگىن .

دەپتۇ . چاشقان :

ياخشى كۈنگە ئۇلىشىپ
مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ ؟
بولماستىنلا بىرەر يىل
مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ ؟

دەپ قىيىداپتۇ ۋە :

— ۋاقىت تېخى ئۇزۇن ، كۆرىمىزغۇ ! — دەپ كېتىپ قاپتۇ .

كۈنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈپتۇ . بىر كۈنى ئۆي ئىگىسى مۇشۇككە :

— ھەدىڭىزنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكى بىلەن ھالقىسى يوق تۇرىدۇ . سىز كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . مۇشۇك ھەيران بولۇپ :

— ياق ، ئۇلارغا مەن چېقىلمىدىم ، — دەپتۇ ۋە ئەزەلدىن بىرەر نەرسە يىتۈپ باقمىغان ئۆيدىن بۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق قىلىپ يوقاپ كەتكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەي بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپتۇ . كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئۆيدىن داۋاملىق نەرسە يىتكىلى باشلاپتۇ . ئۆي ئىگىسى تىت ـ تىت بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ ۋە مۇشۇككە :

بۇرۇن ياخشى ئىدىڭسەن ،
مانا ئەمدى بۇزۇلدۇڭ .
ئۆيدىن يىتكەن نەرسىنى
ئېيتقىن ، نەگە يوشۇردۇڭ ؟

دەپ ئاچچىقلاپ سوراق قىپتۇ . مۇشۇك يىغلامسىراپ :

— ئۇلارنى مەن ئالمىدىم . ماڭا ئىشىنىڭ ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ . ئۇ ھەرقانچە ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ . بۇ ئىشلار بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئۆي ئىگىسى تارتمىسىدا بىر پارچە خەتنى كۆرۈپتۇ . خەت مۇنداق يېزىلغانىكەن :

«ھۆرمەتلىك خوجايىن ، سىز ماڭا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدىڭىز . بىراق ، سىز ئۆيدە يوق چاغلاردا بىكارچىلىقتا دوستلىرىم بىلەن پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى دو تىكىشىپ ئويناپ تۇرغۇن نەرسىلىرىڭىزنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم . بۈگۈن يەنە نەق

پۇللىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قەرزگە بەردىم . ئويلاپ باقسام سىز-
گە يۈز كېلەلمىگۈدەكمەن . شۇڭا ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنداق
ئىشلارنى قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم . مېنى بىر قېتىم كەچۈر-
سىڭىز .

سىزگە مەڭگۈ بەخت تىلەپ :
مۇشۇك ئەپەندى »

ئۆي ئىگىسى دەرھال پۇل قويۇلغان تارتمىدىن پۇلنىڭ يو-
قالغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ . ئۇ مۇشۇكنى
تېپىپ ساۋىداشقا باشلاپتۇ .

مۇشۇك زار - زار يىغلاپ :

تەكشۈرمەيلا ئىنچىكە ،
تىللاپ «ئوغرى» دېدىڭىز .
مېنى بىرى قەستلەپتۇ ،
ماڭا ئۇۋال قىلدىڭىز .

دەپتۇ . ئۆي ئىگىسى خەتنى مۇشۇكنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ . مۇشۇك
خەتنى كۆرۈپلا بۇنىڭ چاشقاننىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ-
تۇ . بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ ، چىشلىرى غۇچۇرلاپتۇ . دەل شۇ
چاغدا چاشقان تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقىرىپ :

كالۋا مۇشۇك ، ئاشۇ چاغ
مېنى داغدا قويغانغۇ !
نوچىلىقىنى قىپ ماڭا ،
مانا ئەمدى تويدۇڭمۇ ؟

دەپتۇ . مۇشۇك ئۆزىنى نومۇسقا قويغان چاشقاندىن ئۆچ ئېلىش
ئۈچۈن تۆشۈككە جان - جەھلى بىلەن ئېتىلىپتۇ . شۇنىڭدىن
كېيىن مۇشۇك چاشقاننى كۆرسىلا قوغلايدىغان بوپتۇ .

# مودا توشقان

بۇرۇنقى زاماندا ، مۈشۈ ماكاندا توخۇ ، توشقان ، مۈشۈك ، چاشقان ، ئۆچكە ، پاقلان ، ئىت ، قاپلان قاتارلىق جان ـ جانىۋارـ لار بىر ـ بىرىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشىپ ، ئىنتايىن ئېجىلـ ئىناق ، خاتىرجەم ياشايدىكەن . توشقان هەممىدىن چىرايلىق بوـ لۇپ ، سىلىق ، يۇمشاق تۈكى كۈن نۇرىدا كۆز قاماشتۇرۇپ چاقنايدىكەن . قۇيرۇقىمۇ بىر غېرىچ بولۇپ ، ئۇنىڭ ۋىجىك جۇـ غىغا ئاجايىپ يارىشىدىكەن . قۇلىقى مۈشۈكنىڭ قۇلىقىدىن سەللا چوڭ بولۇپ ، يۇپيۇمىلاق ئېغىزى بىلەن قوشۇلۇپ ، تولىمۇ گۈـ زەل كۆرۈنىدىكەن . ئەمما ، مۈشۈكلەردەك هەر خىل رەڭلىك كىيىم كىيەلمىگەنلىكى ، خورازدەك تاج تاقىيالمىغانلىقىدىن كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بولۇپ ، هەسەتتىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولىدىكەن . بىر كۈنى ئۇ خورازنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

چوغدەك ئېسىل تاجىڭنى ،
ماڭا بېرىپ تۇرامسەن ؟
مۈشۈك سېنى تىللىدى ،
ئاڭا قاراپ تۇرامسەن ؟

دەپتۇ . خوراز توشقاننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قېلىپ ، مۈشۈك بىلەن ئازارلىشىپ قاپتۇ . ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەن مۈشۈك توشـ قانغا ئاداۋەت ساقلاپتۇ .

بىر كۈنى ، خورازنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بوپتۇ . هەممە جانـ جانىۋارلار هەر خىل كىيىم ـ كېچەكنى كىيىشىپ ، بىر ـ

بىرىدىن چىرايلىق بولۇشۇپ كېتىپتۇ . توشقان تۇغۇلغاندىن باشلاپ كىيىپ كېلىۋاتقان ئاق كىيىمى بىلەنلا بىرىپتۇ . يېڭى ۋە ھەر خىل رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيگۈسى كېلىپ ، مۇشۇكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ . توشقاندىن ئۆچىنى ئېلىشنى ئويلاۋاتقان مۇشۇك ياخشى پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملەپتۇ - دە ، مۇنداق دەپتۇ :

— سەن ساتىراش ئىتنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇيرۇقۇڭنى كەستۇرۇپ كەل ! مەن قاپقارا رەڭدە ئۇزۇن تون تىكىپ بېرەي ! ئۇنى كىيسەڭ تېخىمۇ سالاپەتلىك ، سۇرلۇك كۆرۈنسەن . ھەممەيلەن سەندىن ئەيمىنىدۇ ، — دەپتۇ .

توشقان خۇشاللىقىدا ئىتنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇيرۇقىنى كەستۇرۇپ كەپتۇ ۋە مۇشۇك تىكىپ بەرگەن يېڭى كىيىمنى كىيىپ ، خورازنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېرىپتۇ . ھەممە جان - جانىۋارلار :

— مۇبارەك بولسۇن ! نېمىدېگەن سالاپەتلىك ، — دېيىشىپ ، توشقانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپتۇ . توشقاننىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ . ئەتىسى رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ ، مۇشۇكنى ئىزدەپ كەپتۇ ۋە سېرىق رەڭدە كۆڭلەك تىكىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ . مۇشۇك :

— سەن كالپۇكۇڭنى كەستۇرۇپ كەل ! ئۇ چاغدا تاتلىقىنا كۈلسەڭ سەدەپتەك ئاپئاق چىشىڭ مانا مەن دەپ كۆرۈنىدۇ . سېرىق كۆڭلىكىڭ بىلەن تېخىمۇ شوخ ، ياش كۆرۈنسەن ، — دەپتۇ . توشقان كالپۇكىنى كەستۇرۇپ كەپتۇ ۋە يېڭى كىيىمنى كىيىپ كوچىمۇكوچا ھېجىيىپ يۈرۈپتۇ . دوستلىرى ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇنى يەنە مۇبارەكلەپ ، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ماختىشىپتۇ . توشقان بەز ، گۆشلەردىن سوۋغا - سالام تەييارلاپ مۇشۇكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە :

— سىزنى تولىمۇ ئاۋارە قىلدىم . ئەڭ ئاخىرقى قېتىم

ياردەم قىلىڭ ! مەن تاجلىق خورازدىن چىرايلىق بولۇپ كېتەي ، ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ قېلىشسۇن ! شۇڭا كۆل رەڭ رەختتە ئەڭ چىرايلىق قىلىپ ، ھازىر مودا بولۇۋاتقان پادىچى شىمىدىن ئون ئالتە يانچۇقلۇق قىلىپ بىرنى ، ئۈستۈمگە ئالىيېشىل تەنتەربىيە كىيىمى ، بېشىمغا چېكىلىكى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان شەپكە ، پۇتۇمغا چەمىسىنىڭ قېلىنلىقى يىگىرمە سانتىمېتىر كەلگۈدەك ئاياغ تىكىپ بەرگەن بولسىڭىز ، — دەپتۇ . مۈشۈك :

— ئۆچكە دوختۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ قۇلىقىڭنى ئۇزارتىپ كەل ! شۇ چاغدا مەن تىكىپ بەرگەن كىيىملەرنى كىيىپ ئاجايىپ قالتىس بولۇپ كېتىسەن ، خۇددى چەت ئەللىك توشقانغا ئوخشاش ، — دەپتۇ . توشقان مۈشۈكنىڭ دېگىنى بويىچە قۇلىقىنى ئۇزارتىپ كەپتۇ ۋە مۈشۈك تىكىپ بەرگەن ئەڭ يېڭى ، مودا كىيىمنى كىيىپ يايلاق بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا مەرىكە — نورۇز مەشرىپىگە كەپتۇ . بۇ جايغا بارلىق جان ـ جانىۋارلار يىغىلغان بولۇپ ، ئىنتايىن كۆپ ئىكەن . ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كەتكەن توشقان :

مەندەك مودا قىزچاقنى ،
كۆرگەنلەر بارمۇ ؟
كۆرۈپ بولۇپ ھەسەتتىن ،
ئۆلگەنلەر بارمۇ ؟

دەپ ناخشا ئېيتقاچ توپتىكىلەرنى كۆزگە ئىلماي غادىيىپ مېڭىپتۇ . بۇنى كۆرگەن پىستە كۈچۈك چوڭ دادىسىغا :

— دادا ، قارا ، ماۋۇ توشقان خېنىممۇ ؟ تاقىۋالغان قارا كۆزەينىكى ، تۇرۇپنىڭ كۆكىدەك ئۇزۇن قۇلىقى ، كۆتمەك قۇيرۇقى ، كالپۇكىنىڭ سەتلىكى ، كىيىنىشىنى دېمەمسەن تېخى ؟ تۇۋا ، نېمىدېگەن غەلىتە ـ ھە ! ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ ؟

ئۆزىگە زادىلا ئوخشىماي قاپتۇغۇ ؟ — دەپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ قالغان توشقان : «مېنى كۆرەلمەي ھەسەت قىلىۋاتىدۇ » دەپ ئويلاپ ، غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە پىستە كۇچۇككە سەت ئالىيىپ ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپتۇ . سورۇن ئەھلىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ، توشقاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ . توشقان ئىزا - ئاھانەتتىن يىغلىغان پېتى ئۆيىگە كەپتۇ ۋە ئەينەكتە ئەكسىنى كۆرۈپ ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ . ئۆزىنىڭ تولىمۇ نادان ، ئەخمەق ، تەنتەكلىكىدىن ئېچىنىپ ، كىچە - كۈندۈز پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىنىپ زار - زار يىغلاپتۇ ، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىگە كېلەلمەپتۇ ۋە دوستلىرىدىن خىجىل بولۇپ ، يىراق جاڭگالغا بېرىۋاپتۇ . شۇنىڭدىن بېرى ، توشقاننىڭ قۇلىقى ئۇزۇن ، قۇيرۇقى كالتە ، كالپۇكى يېرىق بولۇپ قاپتۇ .



# تۇخۇم تۇغىدىغان خوراز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، يۇرۇڭقاش دەريانىڭ ئۇدۇلىسىدا سۇيى ئەلۋەك ، ئوت - چۆپلىرى بولۇق بىر خىلۋەت زېمىن بولغانىكەن . بۇ جايدا هاشىم ئاتلىق بوۋاي ياشايدىكەن ، ئۇنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ ، ئاچىسىنىڭ ئىسمى «تۇنقىز» بولۇپ ، چىدىماس ، ئىچى تار ، ئاچ كۆز ئىكەن ، سىڭلىسى ئاق كۆڭۈل ، ئىشچان ۋە سەمىمىي بولۇپ ، ئېتى «ئايقىز» ئىكەن .

كۈنلەر ئۆتۈپ ، بوۋاي سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇ ئىككى قىزىنى يېنىغا چاقىرتىپ :

— قىزلىرىم ، سىلەرگە قوي ۋە توخۇلىرىم قالدى . مەندىن كېيىن قالساڭلار بىر - بىرىڭلارغا كۆيۈنۈپ ئىناق ئۆتۈڭلار ، — دەپ جان ئۈزۈپتۇ .

بىرەر ئايغا بارا - بارمايلا تۇنقىز ئايقىزنى پاتقۇزماپتۇ . ئۆي ئىشى ، ئېتىز ئىشى ۋە قوي ، توخۇلارنىڭ گېلىنىمۇ ئايقىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپتۇ . ئايقىز ۋاي دېمەي ، ئىشچان چۈمۈلىدەك بېرىلىپ ئىشلەپتۇ . تۇنقىز كۈن بويى هېچ ئىش قىلماپتۇ . توخۇلار تۇغقان تۇخۇملىرىنى ئۆزىلا يەۋېلىپ ، سىڭلىسىغا ئېقىنىمۇ كۆرسەتمەپتۇ ، نانىنىڭمۇ قېتىپ قالغان گىرۋەكلىرىنىلا بېرىپتۇ . ئايقىز بارا - بارا ياداپ ، ئورۇقلاپ تارىشىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ . ئۇ ئاچىسىغا يالۋۇرۇپتۇ . يىغلاپتۇ ، قاقشاپتۇ . لېكىن ئاچىسى يەيدىغاننى يەپ ، سىڭلىسى بىلەن زادىلا كارى بولماپتۇ ۋە «ئىككى ساغلىق بىلەن جېنىڭنى جان ئەت» دەپ ئۆيدىن قوغلاپتۇ .

ئايقىز شۇ ماڭغانچە جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ قېرى توغراقنىڭ كاۋىكىنى ماكان تۇتۇپتۇ ۋە ئاچارچىلىق ، يېتىمچى-

لىكتە ئېغىر كۆنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ .
ئۇ بىر كۈنى ئويغىنىپ قارىسا ، توغراق شېخىدا ئاپئاق بىر داستىخان سەھەر شامىلىدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغۇدەك . ئايقىز ھەيران بوپتۇ ۋە داستىخاننى ئاۋايلاپ ئاپتۇ . «مېنىڭمۇ ئېچىل داستىخىنىم بولغان بولسا ، نېمە يېگۈم كەلسە ، ئۇنى يېيىشىم بىلەن ھەممە تەل بولسا» دېگەننى ئويلىغان ئايقىز ، داستىخاننى كەڭ يېيىپتۇ . دېگەندەك ، داستىخانغا ئاجايىپ مول نازۇنېمەت تىزىلىپ كېتىپتۇ . ئۇ قورسىقى تويغۇچە يەپ ، ئاشقىنىنى ئېلىپ قويۇپ داستىخاننى چىرايلىق قاتلاپ قويۇپتۇ . گۇگۇم ۋاقتى بىلەن ئايقىزنىڭ ئالدىغا جۇل - جۇل كىيىم كىيىۋالغان بىر موماي پەيدا بوپتۇ . ئايقىز موماينى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ ۋە مېھمان قىپتۇ . موماي :

جېنىم قىزىم ، ئايقىزىم ،
بىر داستىخان كۆردىڭمۇ ؟
كارامەت بار ئۇنىڭدا ،
سىر ، خۇيىنى بىلدىڭمۇ ؟

دەپ سوراپتۇ . ئايقىز :

كۆردۈم ، بىلدىم سېھرىنى ،
قورسىقىمنى توقلىدىم .
ئىگىسىنى تاپالماي ،
ئۇنى مەھكەم ساقلىدىم .

دەپ داستىخاننى مومايغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ . موماي :
— رەھمەت ، قىزىم ، — دەپلا بىر تال چېچىنى يۇلۇپ بېرىپتۇ ۋە :

— مۇبادا ماڭا ھاجىتىڭ بولسا چىچىمنى كۆيدۈر-
گىن ، — دېگىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ .
ئەمدى گەپنى تۈلكىدىن ئاڭلايلى . تۈلكە بار - يوقىنى يەپ
تۈگىتىپتۇ . قوي ، توخۇلىرىنى ئوبدان باقماپتۇ . ھال - كۈنى
كۈندىن - كۈنگە يامانلاپتۇ . مېكىيانلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك كۆپ
تۇغماپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ، ئۇ خورىزىغا دان بېرىشنى توختىتىپ-
تۇ . بىچارە خوراز :

بوۋا سەندىن ئايرىلىپ ،
دان يېمىدىم جىق .
ئېغىر كۈندە قالدىم مەن ،
قى ... قى... قى... قىق .

دەپ چىللايدىغان بولۇۋاپتۇ .
تۈلكە بۇ چىللاشلىرىدىن تېخىمۇ زېرىكىپ ، خورىزنى ئۇ-
رۇپ قوغلاپتۇ . خوراز يېلىنىپ ؛

مېنى ئېلىپ قال قىزچاق ،
ئالتۇن تۇخۇم تۇغاي مەن .
قوغداپ سېنى ھەر كۈنى ،
تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن .

لېكىن ، تۈلكە بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ، خورىزىغا تاش ئېتىپ بىر
پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ ۋە :

دەرھال كۆزدىن يىتمىسەڭ ،
قىيما - چىيما قىلىمەن .
يۇڭداپ يەنە تۈكۈڭنى ،
ئىچ - باغرىڭنى تىلىمەن .

دەپ ھەيۋە قىلىپتۇ . خوراز نائىلاج كۆزىدىن ياش ئېقىتقىنىچە دىڭگۇسلاپ ئايقىزنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ . مېڭىپتۇ ، مېڭىپتۇ ، تۆت كۈن بولغاندا ئايقىزنى تېپىپتۇ . ئايقىز خورازنى كۆرۈپ ، دادىسى بىلەن بىللە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئويلاپتۇ ۋە خورازنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ :

نېمە بولدى خورىزىم ؟
ھېچ تۇرمايسەن قوقۇقلاپ .
پۇتۇڭ ناكا بولۇپتۇ ،
بەك كېتىپسەن ئورۇقلاپ .

دەپتۇ . خوراز ئايقىزغا تۇنقىزنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلەرنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە ھەسرەت چېكىپتۇ . ئايقىز خورازغا ئۆز قېرىندىشىدەك كۆيۈنۈپ بېقىپتۇ . خوراز يىگىرمە كۈندىلا ئەسلىـ گە كېلىپ ، تۇكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ كېتىپتۇ ۋە كۈندە بىردىن ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىپتۇ . ئايقىز ئۇنى سېتىپ كۈندىن ـ كۈنگە بېيىپ كېتىپتۇ ۋە مال ـ بىساتىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ .

خورىزىدىن ئايرىلغان مېكىيانلار بارا ـ بارا تۇغماپتۇ . قويـ لارمۇ ئورۇقلاپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . تۇنقىز يېگىلى ھېچ نەرسە تاپالماي ، كۈنلىرىنى ئاچ ـ زېرىنلىقتا ئۆتكۈزۈپتۇ . بەزى كۈنلەـ رى توغراقنىڭ يىلتىزىنى يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ . ئۇ بىر كۈنى سەھەردىلا ئۆينىڭ ئالدىدا بىر داستىخاننى ئۇچرىتىپتۇ ۋە ئۇنى يېيىپتىكەن ، شۇ ھامان داستىخاندا مول نازۇنېمەت پەيدا بوپتۇ . ئۇ بۇ تائاملارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپتۇ ۋە داستىخاننى ھېچكىم تاپالمايدىغان جايغا تىقىۋېتىپتۇ . ئەتىسى چاچلىرى پاخپايغان بىر موماي پەيدا بوپتۇ ۋە :

جېنىم قىزىم ، تۇنقىزىم ،
بىر داستىخان كۆردۇڭمۇ ؟
كارامەت بار ئۇنىڭدا ،
سىر ، خۇيىنى بىلدىڭمۇ ؟

دەپ سوراپتۇ . تۇنقىز :

مەن داستىخان كۆرمىدىم ،
بوسۇغامدىن كەت نېرى .
مېنى ياۋاش كۆردىڭمۇ ؟
جۇۋاينىمەك ، سەت قېرى .

دەپ تىللاپ داستىخاننى بەرمەپتۇ . موماي :
— قىزىم ، ئۇنداق قىلما ، «ياخشىلىققا ياخشىلىق ، يامانلىققا يامانلىق» دەپتىكەن . ئېلىپ قويغان بولساڭ ، ماڭا ... ، — دېيىشىگىلا ، تۇنقىز مومايىنىڭ چېچىدىن قاماللاپ ، ئۇنى ئۇرۇپتۇ . موماي ئېغىر زەربىگە چىدىماي :
— ئاھ ! — دەپ ئېغىزىنى يوغان ئاچقانىكەن ، ئوت گۇرۇلدەپ چىقىپ ، تۇنقىزنىڭ ئۆيىنى داستىخان بىلەن قوشۇپ كۇلگە ئايلاندۇرۇپتۇ . موماي تۇنقىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەپ ، يولىغا راۋان بولۇپتۇ . تۇنقىز يۇڭدالغان باچكىدەك ھەممە نېمىدىن ئايرىلىپ تىكەندەك قاپتۇ ۋە دىۋانىلىك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ .
ئۇ شەھەردە تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپ ، باشقىلاردىن جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر قىزنىڭ ئاجىز ، يېتىم - يېسىرلارغا خەير - ئېھسان قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، جاڭگال تامان يول ئاپتۇ ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ سىڭلىسىنى تونۇۋاپتۇ ۋە :

ئايقىز سىڭلىم ، مەن ئاچاڭ ،
قېرىنداش بىز تونۇۋال .

قارا ئەپتىم ، تۇرقۇمغا ،
مېنى ئوبدان كۇتۇۋال .

دەپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ . ئايقىز :

پاناھ تارتىپ كېلىپسەن ،
مانا ئەمدى شادلانغىن .
ساڭا قۇچاق ئاچىمەن ،
كەل باغرىمغا تاشلانغىن .

دەپ ئاچىسى بىلەن يىغا ـ زار قىلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئايقىز ئاچىسىغا بارلىق مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ . بىر كۇنى تۇنقىز سىڭلىسىغا :

— سەن ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى تۇگىتىپ ئەخمەقلىق قىپسەن . غېرىب ـ مىسكىن ، دەپ بېرىۋەرسەڭ ، بىزگە نېمە قالىدۇ ؟ خوراز ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇشتىن توختاپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟ شۇڭا بۇگۇندىن باشلاپ ، ھېچكىمگە ھېچنېمە بەرمەيسەن ، — دەپتۇ .

ئايقىز :

— ئاچا ، بىزمۇ يېتىملىكنىڭ ، ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ ؟ «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر» دەپتىكەن . ياردەم قىلساق ... ، — دەپتۇ .

— بولدى قىل ! — دەپ سۆزىنى بۆلۈپتۇ تۇنقىز ، — خوراز مېنىڭ ، ئەگەر گېپىمگە كۆنمىسەڭ ، خورازنى ئېلىپ كېتىمەن .

ئەمما ، ئايقىز مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاشنى توختاتماپتۇ . بۇنىڭغا چىدىمىغان تۇنقىز بىر كېچىسى سىڭلىسىغا تۇيدۇرماي خورازنى ئەپقېچىپتۇ ۋە ئۇنى جان كۆيدۇرۇپ بېقىپتۇ . ئەمما خوراز شۇ كۇندىن باشلاپ تۇغمايدىغان بولۇۋاپتۇ . ئۆزىنىڭ گۆ-

شىنى ئۆزى يېگۇدەك بولغان تۇنقىز سىڭلىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە :

خورىزىمنىڭ سىرىنى ،
دەپ بەرمىسەڭ ئۆلىسەن .
هىيلە ـ شۇملۇق ئىشلەتسەڭ ،
كۆرمىگەننى كۆرىسەن .

دەپ سىڭلىسىنى قورقۇتۇپتۇ . ئايقىز :

نېمە سىر بار خورازدا ،
مەنمۇ ئۇنى بىلمەيمەن .
يامان يولدىن يان ئاچا ،
ساڭا ئىنساپ تىلەيمەن .

دەپتۇ . تۇنقىز سىڭلىسىنى ئۇرۇپ ، سۇمبۇل چاچلىرىدىن سۆرەپ ، ئۇنى بىھۇش قىلىپ قويۇپ :

— ئەگەر يەنە دەپ بەرمىسەڭ ، تېرەڭنى تەتۇر سۆيىمەن ، — دەپ كېتىپتۇ . بىچارە قىز ئاچىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئېچىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىغا كۆزى يەتمەي ، موماي بەرگەن چاچنى كۆيدۇرۇپتۇ . شۇ هامان موماي ئالدىدا پەيدا بوپتۇ ۋە ھەممە ئەھۋالنى بىلىپتۇ . ئۇ :

— مەنمۇ ئاچاڭغا ئىنساپ تىلىسەڭمۇ ، بىراق ئۇ ئۆزگەرمىگۇدەك ، — دېگىنىچە ئەپسۇن ئوقۇپتۇ . تۇنقىزنىڭ ئۇنى ئۆچۇپتۇ ۋە خىجالەتچىلىكتە كۇندۇزى تالاغا چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ .

ئايقىز خورازغا ئىگە بوپتۇ . خوراز كۇندە بىردىن ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ .

# بېھى ھەققىدە چۆچەك

ئۈنچە ـ مارجان تاش بولغان، پوستەك ـ مەدەك ئاش بولغان، يوق خېمىرنى ئەيلىگەن، كونا تاملىق زەيلىگەن يىراق زاماندا بېھى، شاپتۇل، ئالما، ئانار، ئۆرۈك، توغاچ قاتارلىق يېمىشلەر بىر باغدا ئېجىل ـ ئىناق، بۇغداي ـ قوناق بولۇپ ئۆتىدىكەن، باغنى ئوغرى ـ يالغاندىن كۆزىتىدىكەن. قايسى مېۋە بالدۇر پىشسا:

«خىزىر سۈپەت باغۋىنىم،
مەي باغلىدى ئەت، تېنىم»

دەپ باغۋەننى چاقىرىدىكەن. باغۋەن مېۋىلەرنى ئۈزۈپ، ئاجىز، يورۇق، يېتىم ـ يېسىر، كېسەلمەنلەرنى يوقلايدىكەن. ئۇلار بۇ مېۋىلەر ئارقىلىق شىپالىق تاپىدىكەن. بۇ ئىشتىن سۆيۈنگەن قۇشلار شاخ ئارىسىدا تىنىماي سايرىشىدىكەن. مېۋىلەر پىشقان ھامان ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تۇرغاچقا، بىرەر تېلىمۇ زايە بولمايدىكەن. شۇڭا ئەل باغۋەن بوۋاينى ۋە ئۇنىڭ بېغىدىكى مېۋىلەرنى ئاغىزى ـ ئاغزىغا تەگمەي داڭلايدىكەن. بولۇپمۇ بېھىنىڭ ئالتۇندەك سېرىق، يۇپيۇمىلاق سۇلۇق، پارقىراق يۈزىنى كۆرگەندە قاراپ ـ قاراپ قانمايدىكەن. كىمدە كىم يۆتىلىپ قالسا پىشقان بېھىنىڭ سۈيىنى شۇنداقلا سىققان ھامان بىر پىيالە تولىدىكەندە، «گۆپپىدە» ئىچىۋەتسە كېسىلىگە شىپا بولىدىكەن.

ۋاقىت ئۆتۈپ ئاغرىقلار دەرد تارتقان، ئېشەكنى ھارۋىغا قاتقان، ھۇرۇن مۇشۇك چاشقاندىن قورقۇپ ياتقان كۈنلەرنىڭ

بىردە، بىر قېرى موماي باغۋەن بوۋاينىڭ يېنىغا كەپتۇ. سالام-
سەھەت قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ساخاۋەت ئىگىسى، شۇ تاپتا نەۋرەم ئوت - كاۋاپ بولۇپ، يۆتەلدىن ئېغىر دەردكە تولۇپ ياتىدۇ. بېھىلىرى پىشقان بولسا ئۈچ تال بەرگەن بولسىلا، — دەپ يېلىنىپتۇ. بوۋاي مومايىنى باشلاپ باغقا كىرىپتۇ ۋە بېھىلەرگە قاراپ:

كۆكتە پەرۋاز قىلغىنى،
بۇركۈتمىكىن، سارمىكىن؟
ھاجەتمەنگە دورىكەن،
پىشقان بېھى بارمىكىن؟

دەپتۇ. بېھىنىڭ بىرقانچىسى قوناقتەك سارغىيىپ پىشقان بولسى-مۇ، نېچۈندۇر مومايىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك جىم تۇرۇۋېلىشىپ-تۇ. يەنە بىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى تۇتۇپ، شاختىن ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇلار:

— بوۋامغا مەلۇم بولغاي. بىرنەچچىمىز تەييار بولساقمۇ، تازا مەي باغلىمىدۇق. بىر - ئىككى كۈن تەخىر قىلسا، قۇۋۋىتىمىز ئاشسا، — دەپتۇ. بوۋاي مومايغا قاراپ:

— ئېھ، سەۋرىنىڭ بەندىسى، ئىككى كۈن تەخىر قىل-ساڭ، — دەپتۇ تولىمۇ تەڭقىسلىقتا. موماي بىر ئېغىز لام - جىم دېمەي تولىمۇ مەيۈس ھالدا كېتىپ قاپتۇ. پىشقان بېھىلەر ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپتۇ.

بالا ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قاپتۇ. بوۋاي بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ يۇم - يۇم يىغلاپتۇ. يۈرىكىنى تىلغاپتۇ. دەل شۇ چاغدا تىرىم قاغىسى قاقىلداپ، ياۋا ئۆردەك غاقىلداپ، قىرىم ۋىتىلدىقى ۋىتىلداپ، جاڭگال توشقىنى تىپىرلاپ كېتىپتۇ ۋە بوۋايغا قاراپ:

موماي كەلگەن شۇ كۈنى ،
بالا قۇشمۇ ئۇچقانتى .
يالغان ئېيتتى بېھىلەر ،
ئۇلار راسا پىشقانتى .

دەپ بېھىلەرنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ . بوۋاي بې- غىدىن شەخسىيەتچى ، سەممىيەتسىز ، ساختىپەزلەرنىڭ چىققاز- لىقىدىن دەرغەزەپكە كەپتۇ - دە ، ئۇزۇن خادىنى چىڭ تۇتۇپ ، بېھىلەرگە قاراپ دەپتۇ :

— ماڭا راست گەپ قىلىش ، ئۇلارنىڭ دېگىنى راستمۇ ؟

— بىز ··· بىز .

— تىلىڭنى چايناشما .

— ئۇ ··· ئۇلارنىڭ دې···گىنى را···ست .

بۇنى ئاڭلاپ بوۋاي ئېغىر ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ . مومايىنىڭ سۇلغۇن چىرايىنى ئەسلەپ ، كۆڭلى قايتىدىن يېرىم بوپتۇ - دە ، بېھىنى قېقىپ قولىغا ئاپتۇ ۋە ئاچچىقىدا قاتتىق سىقىپتۇ . شۇ- نىڭ بىلەن بېھىنىڭ بارلىق سۈيى چىقىپ ، پوستىدا بوۋايىنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى قاپتۇ .



# نەسرلەر



# مەن ئوقۇيمەن

جېنىم دادا، مېنى يەتتە يىل ئوقۇتۇپ ئەقىل - ھوشۇم ئەمدىلا تاڭ قۇياشىدەك پارلاشقا باشلىغاندا مېنى ئوقۇشتىن توختاتقىنىڭ نېمىسى؟

سەن مېنى ئوقۇشتىن ئەپقالغان بىر ئايدىن بېرى كۆڭلۈم بەئەينى چۈشتىن يەۋالغان ئادەمدەك بىرقىسىملا بولۇپ، ئۆزۈمنى يېتىم باللاردەك ھېس قىلىۋاتىمەن. گەرچە سېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ ئالدىدا ساڭا ئاشكارا قارشى چىقالمىغان بولساممۇ، لېكىن سېنى ئىچىمدە نەچچە قېتىم ئەيىبلىدىم.

سەن بەلكىم ئويلىمايدىغانسەن، مەن ھەر قېتىم قۇياش بىلەن تەڭ ئويغىنىپ توغراق شېخىدىن ياسالغان قوي قوتىنىدىن قويلارنى ھەيدەپ چىقىپ، خۇددى يۇلتۇزلار تۇركۈمىدەك يېيىلىپ ياتقان قوي ماياقلىرى بىلەن قاپلانغان شۇۋاقلىق يولنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، چەكسىز كەتكەن ياۋايى توغراق ئورمانلىقىغا كىرىپ كەتكىنىمدە، ئۆزۈمنى تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان شادلىقىدىن مەھرۇم بولغاندەك، ئاگىسىز ھايۋانلاردەك ھېس قىلىمەن. كىچىك تۇرۇپ قېرى توغراقنىڭ قوۋزىقىدەك يېرىلىپ كەتكەن يالاڭ ئاياغ پۇتۇمنى سىرلىق قۇم بارخانلىرىغا ئالغىنىمدا، ئۆزۈمنى گويا تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇپ كېتىمەن. جېنىم دادا، زېرىكىشلىك بىر كۈنۈم ئاخىرلىشىپ قويلارنى ھەيدەپ كەلگەندە، قويلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق چاڭ - توزاندا قالغىنىمدا، كېيىنكى ئىستىقبالىمنى مۇشۇ تۇگىمەس چاڭ - توزانلار ئارىسىدا كۆمۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. شۇنداق چاغلاردا ساۋاقداشلىرىمنىڭ

قوڭغۇراقتەك كۈلۈشكەن ، توپ ئويناۋاتقان ، دەرس تەكرارلاۋات-
قان هالەتلىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ - دە ، بەئەينى
ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتىمەن ۋە ئەلەم بىلەن ئۆ-
زۈمگە : «جېنىم دادا ، سەن ئازراق پايدىنى ئوغلۇڭنىڭ ئىستىقبا-
لىغا تېگىشمەكچىمۇ ياكى ئوغلۇڭنى نادان قالدۇرماقچىمۇ ؟ » دەي-
مەن .

جېنىم دادا ، ئەقىل كۆزۈڭنى يىراققا تىكىپ ، ئوغلۇڭنىڭ
سۆزىنى ئوبدان ئاڭلا ! سەن مەنۋى نامراتلىقىمىزنى پۇل بىلەن
تولدۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەن !

ئوغلۇڭ ساڭا يېلىنىۋاتىدۇ ، ئۇ سەندىن باشقا نەرسىنى ئە-
مەس ، نادانلىقنىڭ كۈشەندىسى — ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ شارائى-
تىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . جېنىم دادا ، ماقۇل دېگىن ، مەن ئو-
قۇيمەن .



# بىر بالا

ئەتراپىنى يازنىڭ نەمخۇش، ئىللىق ھاۋاسى ۋە قۇشلارنىڭ چاڭ كەلتۈرۈپ سايراشلىرى بىر ئالدى. تەبىئەت سەھەر شەبنەملىرىدىن كۈمۈش ھالقا ئاسقان بولۇپ، ئاجايىپ رەڭدار، گۈزەل تۈسكە كىردى. ئەمما، پەرىشانلىق قەلبىمنى ئۆمۈچۈك توردەك چىرمىۋالغان بولۇپ، كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم. مەن ئوقۇشتىن زېرىكتىم. شۇڭىمۇ مەكتەپكە بىرى بوينۇمنى باغلاپ سۆرەپ ماڭغاندەك ئامالسىز كېتىۋاتاتتىم ۋە ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلايتتىم: «مەن نېمىشقا ئۆگىنەلمەيمەن؟ ئېھتىمال تۇغۇلۇشتىنلا دۆت بولسام كېرەك». ئويلىغانسېرى تېگى يوق خىياللار ماڭا ئارام بەرمەيتتى، توختىماي قىينايتتى. باللار بولسا:

«چۈشكۈن بالا، ھەي بالا،  
قىلغان ئىشى ھەم چالا.  
تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەي،  
ئىزا ئىشتكەن دۆت بالا.»

دەپ مازاق قىلغاندەك بىلىنەتتى. ھەتتا ھەممە نەرسە مەندىن نەپرەتلىنىۋاتقاندەك ئىدى.

مانا كېتىۋاتىمەن. ئەتراپىمنىڭ ھەممىسى يوق. نىشانىم تۇمان ئارىسىدا قالغان ئاسمان بېتىدەك غۇۋالاشماقتا ئىدى. روھىمنى قورقۇنچ، ئەندىشە قاپسىۋالغان. ئويلايتتىم: «سىنىپقا كىرسەم مۇئەللىم تەنقىدلەپ كېتەرمۇ؟» شۇلارنى ئويلاپ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. دېرىزىدىن سىنىپ ئىچىگە قارىدىم. ئۇلار

مېنى مەنستىمىگەندەك بەخىرامان ئولتۇرۇشاتتى . دىلىغۇل بو-
لۇپ تۇراتتىم . قۇشقاچىنىڭ ۋىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇلار :

«جاپا ـ ئەجىر ئالدىدا ،
ئىرادىسى بوش بالا .
ئۆگەنمىسەڭ بىز بىلەن ،
تەقدىرىڭگە خوش بالا .»

دەۋاتقاندەك قىلاتتى . مەن يا ئالدىمغا مېڭىشىمنى ، يا ئارقامغا
يېنىشىمنى بىلەلمەي يىغلامسىرىدىم . يۈرىكىم ئۇنسىز پى-
چىرلايتتى : «دەرس بىلمىگەنلىك گۇناھمۇ ؟ مېنى ئاتا ـ ئانام-
مۇ ، ئوقۇتقۇچىلىرىممۇ كەمسىتسە ، مەن زادى نېمە قىلاي ؟ مېنى
ياخشى بولسۇن دېسە ، روھىمغا سوغۇق سۇ سەپمەي ، ئاستا ـ
ئاستا يېتەكلىسە بولمامدۇ ؟»

مەن چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆرۈلۈپلا ئارقامغا ياذ-
دىم .

— قايت ، بالام ! — دېدى غايىبتىن بىر سادا . ئەتراپقا
قارىدىم . قۇشقاچلار ئۈجمە دەرىخى ئۈستىدە يەنىلا باياتىنقىدەك
توختىماي ۋىچىرلايتتى . بىر قۇشقاچ بىردىنلا ئاپئاق ساقاللىق
بىر بوۋايغا ئايلاندى ـ دە :

— بالام ، هايات خىيالىڭدەك چىگىش هەم مۇرەككەپ . ئۇ
هېچقاچان چۈشكۈن ئادەملەرگە ئىللىق باغرىدىن ئورۇن بەرگەن
ئەمەس . سەندە نېمە كەم ؟ مېنىڭچە هېچنېمە كەم ئەمەس . پەقەت
چۈشكۈنلۈك ، ئىرادىسىزلىك ۋە هۇرۇنلۇقنىڭ ئارقا هويلىسىدا
ئويناۋاتىسەن . ئويۇنۇڭنى بولدى قىل ، ئۆزۈڭگە ئىشەن ، ئىرادى-
لىك بول ! ئۇ بارلىق غەلىبىگە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ خاسىيەتلىك
ئەنگۈشتىرى . سېنى كۆزگە ئىلمىغىنى باشقىلار ئەمەس ، دەل
ئۆزۈڭ . شامال چىقسا تەۋرەپ بەرسەڭ قانداقمۇ ئۆرە تۇرالاي-

سەن؟ — دېدى. ئۇ شۇنداق دېگەچ بېشىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويدى ۋە ئايىغىم يېنىدىكى بىر قارا چۈمۈلىنى كۆرسەتتى.

ئىنچىكە بەل، يوغان باش، قاپقارا چۈمۈلە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭلۇقتىكى نەرسىنى سۆرەپ، يىلان باغرى كېتىپ باراتتى. بوۋاي ئۇنى بىر ئوچۇم توپا بىلەن كۆمۈۋەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدىم. بىردەمدىن كېيىن چۈمۈلە توپا ئارىسىدىن يەر بېغىرلاپ چىقتى ۋە يېمىنى سۆرىگىنىچە كېتىپ قالدى. قەلبىمدە چاقماق چېقىلدى. كۆز ئالدىم روشەنلەشتى. روھ ئاسمىنىم پىيازگۈلدەك سۈزۈلدى. مەن چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىدىن نېمىنىدۇر بىرنېمىنى كۆرگەندەك بولدۇم - دە، ئىككىلەنمەي سىنىپىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم...



# ماڭا يول بېرىڭلار

دادا ، ئاپا ، ماڭا يول بېرىڭلار ! مەنمۇ ئۆز ئالىمىمدە يايلاقتىكى توسۇن تايدەك ئەركىن يايلاپ باقاي ! قىلالمىغاننى قىلاي ! ئۇ چاغدا كۆكتىكى تولۇن ئاي ماڭا قاراپ تاتلىق جىلمىيىپ قويسا نەقەدەر ياخشى ـ ھە ؟ ! سىلەر ھە دېسىلا : «قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ . بۇزۇشنى ، ئويناشنىلا بىلىسەن» دەپ دوق قىلىسىلەر ، لېكىن بىرەر ئىشنى مۇستەقىل قىلماقچى بولسام ، «سەن نېمىنى قىلالايتتىڭ ؟» دەپ توسۇيسىلەر ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟

دادا ، ئاپا ، ماڭا يول بېرىڭلار ! مەن ئۆز يولۇمدا پىچاق بىسىغا دەسسەپ بولسىمۇ مېڭىپ باقاي ! يىقىلسام ئاھ ئۇرۇپ يىغلىماڭلار ! مەن ئۆزۈم قوپۇپ باقاي !

مېنى ئۆز ئارزۇيۇڭلارنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ ، ئۆزۈم قىزىقمايدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار !

دادا ، ئاپا ، ماڭا يول بېرىڭلار ! مېنىڭ شېئىرىي ئىستەكلىرىم قەلب دۇنيايىمدا دېڭىز سۈيىدەك دولقۇنلىماقتا . ئۇ دولقۇنلىسۇن ، ئۇ قىرغاققا ئۇرۇلسۇن ! شۇنىڭدىلا سىلەرگە بولغان چەكسىز ئېتىقاد ۋە مۇھەببىتىمدىن ھاسىل بولغان لىرىكىلار يۇلتۇزلاردەك چاقناپ ، ئارمانلىرىم ماڭا قۇياشتەك خۇش تەبەسسۇم بىلەن باقماسمىدى ؟ بىراق ، سىلەر دەرستىن سىرت كىتاب ئوقۇشۇمنى ، شېئىر يادلىشىمنى ، مۇزىكا ئاڭلىشىمنى ، يازدا سۇغا چۆمۈلۈشۈمنى ، قىشتا كانكى ئوينىشىمنى چەكلىسەڭلار قانداقمۇ كۆكتىكى جەسۇر بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلالايدىغان بولىمەن ؟ !

دادا ، ئاپا ، ماڭا يول بېرىڭلار ! مەنمۇ بۇزۇپ باقاي ! بۇزۇش تۈزەش ئۈچۈن ئەمەسمۇ ؟ بىلەمسىلەر ، مېنىڭ زېھنىم ساماۋى

چۆچەكلەر دۇنياسىدا تۈن يۇلتۇزلىرىدەك جىلمىيىۋاتسا قانداقمۇ ئارزۇلىرىمدىن ۋاز كېچەي؟!

دادا، ئاپا، ماڭا يول بېرىڭلار! مېنى ئۆزۈم قىزىقمايدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار! بىرەر پەندىن ئۆتەلمىسەم ياكى بىرەر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمىسام مېنى تىللىماڭلار، كەمسىتمەڭلار! ئىززەت-ھۆرمىتىمنى، بالىلىق تۇيغۇلىرىمنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى دەپسەندە قىلماڭلار! مېنىڭ ئادىمىلىك قىممىتىم ۋە پاك روھىم بۆشۈكىدىلا ئۆلمىسۇن! ھەربىر ھەرىكىتىم:

«لاي ئوينىما ۋاي دەيسەن،
ئوت ئوينى پا دەمسەن،
سۇ توشىسام موماڭغا،
مەكتىپىڭگە بار دەيسەن.»

دېگەن قوشاقتىكىدەك چەكلىمىلىك ئىچىدە نىشانسىز كېمىدەك تەمتىرەپ قالمىسۇن! ئۇ قارا چۇمۇلىلەردەك تىنىمسىز ھەرىكەت قىلسۇن! چۈنكى، ھەرىكەتتە بەرىكەت بار ئەمەسمۇ؟

دادا، ئاپا، ماڭا يول بېرىڭلار! ماڭا ئىشىنىڭلار، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق قىزىقىشىم ۋە غايەم بار. بىلىمەن، سىلەرمۇ مېنى مەرىپەت ئاسمىنىدا مەڭگۈ چاقنىسىكەن دەيسىلەر. مېنىڭمۇ سىلەر كۈتكەندىنمۇ ئارتۇقراق نەتىجە ياراتقۇم بار. بىراق، سىلەر مېنى كۆرۈنمەس تورلار بىلەن بىلىپ-بىلمەي چىرماپ قويۇۋاتىسىلەر، ئېيتىڭلارچۇ، قانىتى بوغقۇچلانغان قۇش قانداقمۇ ئۇچالىسۇن؟

بىلەمسىلەر؟ مەن قولۇڭلاردىكى بىر لەگلەك، سىلەر مېنىڭ زەڭگەر ئاسماندا ئېگىز-ئېگىز ئۇچۇشۇمنى بەك ئارزۇ قىلىسىلەر-ھە؟! بىراق، سىلەر يىپىنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالساڭلار، مەن قانداقمۇ ئۆرلىيەلەيمەن؟!

جېنىم دادا، ئاپا، ماڭا يول بېرىڭلار!

# ئۈمىد يۇلتۇزى

«قو ـ قۇ ـ قۇق...» خورازنىڭ زىل ئاۋازدا سوزۇپ ـ سوزۇپ چىللىشى شېرىن ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتتى. يەنە ئۇخلاي دېسەم ئۇيقۇم ھېچ كېلىدىغاندەك ئەمەس، قوپاي دېسەم...

مەن ئۇمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك پاسىلىدا يول تاپالمىغان ئادەمدەك بىردەم تېڭىرقاپ قالدىم ـ دە، يوتقانغا مەھكەم چۇمكىدىلىۋالدىم. قەلبىمدە ئۈمىدسىزلىك خۇددى تىنىق ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن پارچە ـ بۇلۇتلاردەك ئەگىپ يۈرەتتى. تەگسىز خىياللار قايىنىمى مېنى ئۈمۈچۈك توردەك چىرمىۋالغانىدى. ئويلايتتىم، مەن بىر «دۆت» بالىمۇ؟ داداممۇ «دۆت» دېسە، ئاناممۇ «دۆت» دېسە، مۇئەللىممۇ «دۆت» دېسە، مەن «دۆت» بولماي يەنە كىم دۆت بولماقچى؟ بالىلارنىڭ:

«ئېرشات قاپاق دۆت بالا،  
بۆلۈشنىمۇ ئۇقمايسەن.  
گويا قوتۇر ئېشەكتەك،  
مىت قىلمايسەن، ئۇخلايسەن.»

دېيىشلىرىچۇ تېخى!؟ ئانام «دۆت» دەپ تىللاۋېرىپ زېرىكتى بولغاي، ھەسرەت بىلەن: «جېنىم بالام! كۆزۈمنىڭ قارىسى بالام، بەختىم بالام، يۇلتۇزۇم بالام، مەن سەندىن خۇش بولۇپ كېتەي، ئۆزۈڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ياخشى ئوقۇ. قۇشلارنىڭ پەرۋازىغا قارا! ئۇلار كۆككە ئىنتىلىدۇ، بالىلىرى قانات چىقىرار ـ چىقارماي پالاقشىيدۇ. ئۇچۇرما بولغاندا بەئەينى ئايروپىلاننىڭ

قانتىدەك قانتىنى كەڭ يېيىپ ئۇچىدۇ . سەنچۇ بالام ؟ ھەممى-
دىن ئۈمىدسىزلىنىسەن . بىلگىنكى ، ئۈمىدسىز ئادەم يېلى چى-
قىپ كەتكەن توپقا ئوخشايدۇ . ئۈمىدۋار ئادەم تۇندىمۇ قۇياشنىڭ
ئالتۇن ھالقىلاردەك چاقناپ تۇرغان نۇرىنى كۆرەلەيدۇ . سەن
ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭلا ھەممىنى قىلالايسەن » دېگىنىدە ، بۇ گەپتىن
ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل غايىۋى كۈچ قېتىلىپ ، دەرسلەرنى ياخشى
تەكرارلاشنى باشلىۋەتتىم . بىر كۈنى مۇئەللىم دەرسكە كىرىپلا
سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ : «11 ـ نومۇر » دەپ چاقىرىۋىدى ،
ئىچىمدە ئىنتايىن خۇش بولغانىدىم . نەدىكىنى ، مۇئەللىم مېنى
كۆرۈپلا چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ :

— ئولتۇر ، سەن بەربىر … ، — ئۇ شۇنداق دەپلا مېنى
ئولتۇرغۇزۇۋەتتى . مەن شۇ چاغدا نەقەدەر ئازابلاندىم ـ ھە ؟

مەن خىياللار بىلەن قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن . بىر
چاغدا دادام :

— بالام ، ئۈيقۇڭ تۈگىگەن بولسا ئورنۇڭدىن تۇرامسەن
(ئادەتتە «ھەي دۆت ! ۋاقىت توشتى . تۇرامسەن ؟ » دەيت-
تى ) ؟ — دېدى مۇلايىملىق بىلەن . مەن بۇنداق سىلىق گەپنى
نەچچە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاچقىمىكىن ، بۇ سۆز
خۇددى سەھەر سەلكىنىدەك شۇنچە يېقىملىق ئاڭلاندى . گويا
باھار ئاپتىپىغا ئېرىشكەندەك بولدۇم ـ دە ، دادامغا «لاپپىدە »
قارىدىم . ئۇنىڭ بىر جۈپ قاپقارا كۆزىدە مېھىر نۇرلىرى پارلاپ
تۇراتتى .

— ماقۇل ، دادا ، — دېدىم مەن خۇشاللىق بىلەن . دادام
ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى . قىزىق ، دادام بۈگۈن مېنى
مەكتەپكە بارغۇزماي ، «مۇئەللىمگە دەپ قويغان » دەپ سەھرادىكى
تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى . بۇ ئورما مەزگىلى بولۇپ ،
دەرەخلەرنىڭ ئالقاندەك ياپيېشىل ياپراقلىرى سۇس شامالدا بوش-

قىنا ئىرغاڭشىيتتى. ئۈياق ـ بۇياقتىن قۇشقاچ، تۇمۇچۇقلارنىڭ چۇرۇقلىغان ئاۋازلىرى ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېرىق- لاردا سۇلار شارقىراپ ئاقاتتى. دېهقان ـ چارۋىچىلار ئورما ئورۇشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. يېزا بالىلىرى ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئېتىپ سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى. بۇ نېمىدېگەن يارقىن كۆرۈنۈش ـ ھە؟ مەن خۇددى ئەركىن قۇشتەك شۇنچە ئازادە ۋە روھلۇق ئىدىم. دادام چىرايىمدىكى نۇر جىلۋىلىرىنى كۆردى بولغاي، شادلانغان ھالدا:

— بالام، بىزنى كەچۈرەرسەنمۇ؟ ئويلاپ باقساق، بىز خاتا قىپتىمىز. سەن دۆت ئەمەسكەنسەن. دۇنيادا قىلغىلى بولماي- دىغان نېمە ئىش بار دەيسەن؟ ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭ، ئۈمىدۋار بولساڭ ھەممىنى قىلالايسەن، بىلەلەيسەن، ئۆگىنەلەيسەن. بى- لىشىڭ كېرەككى، ئۈمىد — پارلاپ تۇرغان گۈلخانغا ئوخشايدۇ. ئۇ كەلگۈسى يولۇڭنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. سەن ئۈمىد نۇرلىرىغا چۆمۈلەي دېسەڭ... ، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئانا باغرىدەك يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ نەرسىنى سۆرەپ مېڭىۋاتقان چۈمۈلىنى ئىشارەت قىلدى. مەن ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ، چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. ئۇ ئۇنىسىز ئىشلەيتتى، توختىماي ھەرىكەت قىلاتتى. مەن چۈمۈلە روھىدىن تەسىرلەندىم ھەم ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولدۇم. دادامغا ئەركى- لەپ كۈلدۈم ھەم تۇنجى قېتىم ئۆستەڭ سۈيىدە چۆمۈلۈپ قانغۇ- چە ئوينىدىم.

كەچ، تال باراڭلىق ھويلىدا بوۋامنىڭ چۆچىكىنى ئاڭلاپ ئاجايىپ بىر خىل تاتلىق سېزىمگە چۆمۈلدۈم. چۆچەكتىكى سالى نېمىدېگەن قەيسەر، ئۈمىدۋار بالا ـ ھە؟! ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ، ئىنى ـ سىڭىللىرىنى بېقىپتۇ. ئاھ، مەن نېمىدېگەن ھورۇن؟

ھازىرغىچە زادى نېمە ئىش قىلالىدىم؟ بۇ مېنىڭ ئۆزۈم ھەققىدە تۇنجى ئويلىنىشىم ئىدى. مەن ئويلىغانسېرى خۇددى قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدۇم ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىمچە يۇلتۇزلۇق كۆككە باقتىم. ئاسماندا سانسىز ئۇممىد يۇلتۇزلىرى جىمىرلاپ، كەلگۈسى يولۇمنى يورۇتۇپ تۇراتتى.



# بەخت قۇياشى

مەن تولىمۇ خامۇش ئىدىم . ھۇرۇنلۇقۇمدىن ئاتا - ئانامنى تولا قاقشىتاتتىم . ھايات ماڭا مەنىسىزدەك تۇيۇلاتتى . شۇڭىمۇ ئاخشاملىرى تېلېۋىزور ئالدىدا پۈتۈن قانااللار كۆرستىشنى تامام قىلغۇچە ئولتۇرۇپ ، ئەتىگىنى قوپقىلى ئۇنىمايتتىم . دەرستىكى ئەھۋالىممۇ ناچار ئىدى . ئۆزۈممۇ ھەيران . بۈگۈن تورغاي چۇ-رۇلدىماستىلا ئورنۇمدىن تۇردۇم . ھاۋا شۇنچە ساپ ، ئەتىگەننىڭ سالقىن ھاۋاسى تېنىمگە راھەت بېغىشلاپ ، روھىمنى كۆتۈردى . قۇياش غايەت ئوت شارىدەك ئۇپۇقنى قانغا بوياپ ، تارام - تارام قىزغۇچ نۇرلىرىنى زېمىنغا سەپمەكتە ئىدى . مەن قۇياشقا تۇنجى قېتىم زوق - ھەۋەس بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ تۇردۇم . ئۇمۇ ماڭا قىزىققاندەك قارايتتى . ئۇنىڭ قارىشىدا «يارايسەن ، ئوغلۇم» دېگەندەك مەنە بار ئىدى . مەن ئىختىيارسىز ئانامغا قارىدىم . ئۇنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمىدا رازىمەنلىك نۇرلىرى پارلايتتى . مەن ئانامنىڭ مېھرىلىك قارىشىدىن قەۋەتلا خۇش بولدۇم . ئۆيىمىز-نىڭ ئالدىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق سۈيىگە ئەگى-شىپ ، چېنىقىش ئۈچۈن قەدىمىمنى تېزلەتتىم .

ۋاقىت قولۇمدا ، بەخت ماڭا ھۆر - پەرىدەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . مەن ئېتىزلىققا باردىم - دە ، قوي ، ئۆچكىلىرىم ئۈ-چۈن ئوت ئالدىم . شەبنەمدىن كۈمۈش مونچاق ئېسىشقان يۆگى-مەچ ۋە سېمىز ئوتلار قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى . ئوتلارنى قوي ، ئۆچكىلىرىم ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى . مەن ھە-ۋەس بىلەن ئۇلارغا يەنە بىر رەت قارىدىم - دە ، رازىمەنلىك بىلەن ئېغىلدىن ئايرىلدىم . ئاندىن ئەخمەت ئىمىن ئاكىنىڭ دەرسلىك

كىتابىمىزدىكى «مېنىڭ بىر كۈنۈم» دېگەن نەسرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. پاھ، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار نېمىدېگەن يارقىن - ھە! مەن ئۇلارنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇلارمۇ مېنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بىر - بىرىمىزگە بېقىشتۇق، قۇچاقلاشتۇق. ئۇلار مېنى قىزغىن تەبرىكلىدى. شادلىق ئىلكىدە پەيدەك يەڭگىللەپ قالدىم - دە، چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مەكتەپكە يول ئالدىم. ماڭا بۇرۇن سۆرۈن كۆرۈنىدىغان ئادەملەر، دەل - دەرەخلەر شۇنچە سۆيۈملۈك بىلىنمەكتە ئىدى. يول بويى ئىچ - ئىچىمدىن تەپچىپ تۇرغان بىر خىل خۇشاللىق مېنى تاقلىتاتتى، سەكرىتەتتى، ئۆزۈمچە ناخشىلارغىمۇ «غىڭشىپ» قوياتتىم. بىردەمدىلا مەكتەپكە يېتىپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ گىمناستىكىغا تۇنجى نۆۋەت ئۇلگۈرۈپ كېلىشىم ئىدى. بالىلار ماڭا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراشتى ۋە دولامغا يېنىك مۇشتلاپ قويدى. بۇ ئۇلارنىڭ «يارايسەن» دېگىنى ئىدى. مەنمۇ بۈگۈن ئوقۇتقۇچىمدىن ئىزا ئىشىتمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن تېخى خۇشال ئىدىم. شۇڭا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم - دە، قۇياشقا يەنە بىر رەت قارىدىم. ئۇ ئەمدى بىر ئاز تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى ئەتراپنى قىزىتىشقا ئۇلگۈرگەنىدى. مەن ئىچىمدە: «سەھەر قوپسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە!» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ۋە بەخت قۇياشىنىڭ بويىنىغا گىرە سالدىم.



# كەپتەر

ئانا ، مەن بىر ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ ، بىپايان دېڭىزلار-دىن ، ياپيېشىل ئورمانلاردىن ، ھەيۋەتلىك تاغلاردىن ھالقىپ ، ساڭا بولغان چەكسىز مۇھەببەت ۋە سۆيگۈمدىن ئىسسىققىنا ئۇۋا ياسىسام سەن بىمالال كىرەرسەنمۇ؟ ئۆز ئۆيۈڭدەك خۇشال - خۇرام يۈرەرسەنمۇ؟

مۇبادا سەن : «ھىممىتىڭگە بارىكاللا» دەپ ، روھىم ئېتىز-نى مەدەت ۋە ئىلھام گۈللىرى بىلەن بېزىسەڭ نەقەدەر شادلىنات-تىم - ھە؟! شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ھاياجانغا تولۇپ ، مامۇقتەك يۇمران پەيلىرىمدىن يوللىرىڭغا پاياندار راسلايتتىم . ئەتراپىڭدا پەرۋاندەك ئەگىپ ، چۈچۈك تىللىرىم بىلەن ساڭا ئەڭ تاتلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرەتتىم . سەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆ-مۈلۈپ ، ماڭا قاراپ شۇنداق بىر كۈلۈپ قويساڭ قەلبىم نەقەدەر ئىللىيتتى - ھە؟!

ئانا ، سەن بىر كۈنلۈك تېرىم - يىغىم ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيگە تەرلەپ - تەپچىرەپ قايتىپ كەلگىنىڭدە قاناتلىرىمنى كەڭ يېيىپ ، سېنى ئىللىق شاماللاردەك يەلپۈسەم ، كاۋاپ بولۇپ كەتكەن تېنىڭ ئازراق بولسىمۇ سەگىسە ، بېغىمدا مۇھەببەت گۈللىرى «ھۈپپىدە» ئېچىلماسمىدى؟

ئانا ، سەن تاڭدا باشاق تېرىش ئۈچۈن قىر ئارىلاپ ، بۇغداي دانلىرىنى تېرىۋاتقىنىڭدا ، يېنىڭغا «پۈرررىدە» ئۇچۇپ بارىمەن - دە ، بۇغدايلىرىڭنى بىرمۇبىر تېرىپ ئېتىكىڭنى لىققىدە تولدۇرد-مەن . ئاغرىپ قېلىپ ، بىر چۆگۈن چاغلىق سۇ ئەكېلەلمەي ، چار يىلاندەك تولغىنىپ ياتقىنىڭدا كىچىككىنە تۇمشۇقۇمنى مۇز-

دەك بۇلاق سۈيىگە پاتۇرىمەن ـ دە ، قۇرۇقدىلىپ قالغان چېلە-
كىڭنى تولدۇرۇپ بېرىمەن . سەن شۇ چاغدا يۈرىكىڭنىڭ ھاياجان
بىلەن تەۋرىنىشىدىن دولقۇن ياسايسەن . مەن دولقۇنلىرىڭنى
بويلاپ ساڭا قاراپ ئۇچىمەن .

مۇبادا ، ئانا ، قىشنىڭ نۇر يىپلىرىدەك ئۇزۇن تۈنلىرى
سوغۇق ئۇچۇپ تۇرىدىغان كىچىككىنە ۋادەكلىك ئۆيۈڭدە دىر ـ
دىر تىترەپ ، ئوسمىدەك كۆكىرىپ كەتسەڭ پاختىدەك يۇمشاق
تۈكلىرىمدىن بىر يېپيېڭى يوتقان تەييارلايمەن ـ دە ، ساڭا ئاستا
يېپىپ قويۇپ ، جەنۇبقا ئۇچىمەن ۋە باھار قىزىنى ئالدىڭغىلا
باشلاپ كىرىمەن . سەن كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ : «دادىسىغا
نېمىدېگەن ئوخشىغان ـ ھە ؟ ! رەھمەتلىك تۈگەپ كەتمىگەن
بولسا ؟ ! ...» دېگەنلەرنى قوشۇپ قويىسەن . مەن باش ئۈستۈڭدى-
لا شوخلۇق قىلىپ ، نەچچە موللاق ئاتىمەن . ھەربىر ھەرىكىتىم
بىلەن ئىرادە ۋە جاسارىتىمنى نامايان قىلىمەن . بۇ چاغدا تېرەك
قوۋزىقىدەك قورۇق باسقان غېرىب چېھرىڭدە كەۋسەر كەبى شې-
رىن تەبەسسۇم چاقناپ پۈتكۈل كائىنات نۇر دەرياسىدا يۇيۇنىدۇ .



# دوستۇم ، قولۇڭنى بەر

تۆگمەن تېشىدەك ئېغىر خىياللار بىلەن مەكتەپكە قاراپ كېتىۋاتىمەن ، تىت - تىتلىق ۋە بىئاراملىق روھىمنى گال ھەرە ياغاچ ھەرىلىگەندەك قىينايدۇ . ئويلاپ قالىمەن : «مېنىڭ ئۇنى ئۇرغىنىم نوچىلىقمۇ ؟ ئۇنىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ، چىشلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان قىپقىزىل قاننى قولى بىلەن سۈرتكىنىچە كېتىپ قېلىشى مەندىن قورققانلىقمۇ ؟ بىز ئۇرۇشقۇدەك نېمە ئىش بار ؟ قېنى ، يەتتە يىللىق ساۋاقداشلىق مېھرى ، قېنى ئالتۇندەك چاغلار ؟ ...» ئويلىغانسېرى ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولاتتىم . دېمىسىمۇ ، شۇ ئىشتىن كېيىن پەرھات ماڭا سالاممۇ قىلمىدى . مەن بىرنەچچە كۈنگىچە : «ئۇ ماڭا نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئاتىكارچىلىق قىلمىغان بولسا ... خوپ بولدى » دېگەنلەرنى ئويلاپ ، پەرۋايىمغىمۇ ئالماي ، ئەركەك غازدەك گىدىيىپ يۈرۈۋەردىم ، ھەتتا ئۇنى قىزلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇرۇۋالغانلىقىمدىن خۇشاللاندىم ، لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى خۇددى بىر قوۋۇرغامدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا خامۇش يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم . شۇڭا : «ئەجەبا ، ئۇنىڭ : ‹تورخانىغا بارما› دېگىنى خاتامۇ ؟ ئۇ دوستۇم بولغاندىكىن ئالدىمنى توسۇسا نېمە بوپتۇ ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپ پۇشايمان ئوتىدا تولغاندىم .

بىر ئايمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى ، ئۆزۈمنى يېتىم بالىدەك سېزىشكە باشلىدىم ، يالغۇزلۇق قەلبىمدە دېڭىز سۈيىدەك داۋالغۇيتتى . ئويلاپ باقسام مەن مۇھەببەتتىن ، دوستلۇقتىن مەھرۇم بولغانىدىم .

راست ، بىز نېمىشقا ئۇرۇشۇپ قالدۇق ؟ ئۇ دوستلۇقىمىزنى

ئاياپتۇ، بىراق مەن دوستۇم بىلەن يىلتىزىمىزنىڭ بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكىنىنى نېمىشقا بالدۇرراق ھېس قىلالمىدىم؟ ئويلىغانسېرى يۈزۈم شەلپەردەك قىزىرىشقا باشلىدى. شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىمكى، دوست چىرايلىق ئېچىلغان گۈل ئىكەن، كىمكى پەرۋىشنى توختاتسا ئۇ دەرھال سولىشىدىكەن. مەن بۇلارنى ھېس قىلغاندا قۇياش ئاللىقاچان مېھرىلىك نۇرلىرىنى ئانا زېمىنغا تۆكۈپ بولغانىدى. مەن مەكتەپكە كىرىپلا مەنمەنلىكىمنى يولۇمنى توسۇۋالغان شاخ - شۇمبۇلارنى قايرىغاندەك قايرىۋەتتىم - دە، دوستۇمغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدىم، ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى، كۆزلىرىدە سۈزۈك ئىككى تامچە ياش يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى شەبنەم تامچىلىرىدەك يالتىرىدى. مەن پەرھاتقا ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل ھېسسىيات بىلەن قاراپ:

— ھېچكىم ئۆتمۈشنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدىكەن، ئەمما ئۇنىڭدا بىزنىڭ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلىرىمىز بار. سەۋەنلىكىمنى كەچۈر، دوستۇم! كەل، قولۇڭنى بەر! بىز يارىشىۋالايلى، — دېدىم.

ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقتى...



# هايات يىلتىزى

مەن دادامغا ئەگىشىپ تونپا ـ تۇمان ئاستىدىكى شاۋقۇنلۇق بازارنىڭ ئەبجەش كوچىدە سىپىرلىنىپ يۈرگەن تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىققان ، پاكارغىنا كەلگەن تۆمۈرچىنىڭ تونۇر تەپتىدەك پىژغىرىم ئىسسىققا قارىماي ، ئوتقاشتەك تاۋلانغان تۆمۈرنى سەندەل ئۈستىگە قويۇپ ، كۈچەپ بازغان ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەن ، تەر تامچىلىرىدىن ھۆللەنگەن نىپىز كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى . ئالا-بۇلا سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى سۈسىز قالغان مايسىدەك سالپايغان ، ھەممە يەر بۇغا تىنچىقى ئىسسىقىدىن دىمىسقىلىپ ھاسىرىماقتا ئىدى . پەقەت تۆمۈرچىلا بولارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى : ئۇ تۆمۈرنى ئوتقا سېلىش ، بازغانلاش ، سۇغا تاشلاش بىلەن بەند ئىدى … مەن ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى ئويلاپ قالدىم .

مېنى ۋە تۆمۈرچىنى كۆزىتىپ تۇرغان دادام :

— تۆمۈرچىگە قاراپ كەتتىڭ ، بىرنېمىنى بايقىدىڭمۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى ماڭا مەنىلىك قاراپ . مەن ھېچنېمە دېمىدىم . ئىچىمدە : «تازا يارىماس ئىكەنمەن ! تەييارنى يەپ ، تەييارنى كىيىپ ، 70 نومۇرنىمۇ ئالالماي ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۈم ، ئىسىت ، مەنىسىز ئۆتكەن كۈنلەر …» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ۋە دادامغا تۆمۈرچىنى ئىشارەت قىلدىم . تۆمۈرچى چوغنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە تۆمۈرنى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ ئالدى ـ دە ، سەندەل ئۈستىگە قويۇپ ، كۈچەپ بىرنەچچىنى ئۇرۇپ ، كونا داستىكى

دۈغىسمان سۇغا تاشلىدى . سۇ «پاژژىدە» قايناپ ، ھورى ھاۋاغا بۇلۇتتەك تاراپ كەتتى .

— ئېيتىپ باقە ، بالام ، داستىكى سۇ يامانمۇ ياكى تۆمۈرمۇ ؟ — دەپ سورىدى دادام .

— تۆمۈر بەربىر سوۋۇيدۇ ، — دېدىم مەن ئويلانمايلا .

— بىراق ، ئۇ سۇنى قاينىتالايدۇ ، تۇرمۇش سۇغا ئوخشايدۇ ، سەن قىزىتىلغان تۆمۈرگە ئوخشاش ياشىشىڭ كېرەك . ئەگەر سەن سۇدا سوۋۇپ كەتمەي دېسەڭ ، چوقۇم سۇنى قاينىتىۋېتىشىڭ كېرەك .

دادامنىڭ دېگەنلىرىدىن «ھەقىقىي ھايات»نىڭ غۇۋا نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم - دە ، ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم .

— سەدىقە بالانى يەر ، توۋا گۇناھنى ! ھەقتائالا رەھمەت قىلسۇن ! — دېدى بىرى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ .

ئۇنىڭغا قارىدىم . يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، قويۇق قارا قاشلىق ، قاڭشارلىق ، كېلىشكەن ، تەمبەل بۇ يىگىت بىرنەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كۆڭلەك كىيىۋالغان ، تامبىلىنىڭ بېغى ساڭگىلاپ تۇرغان ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى مەينەتچىلىك دەستىدىن كۆمۈرچىنىڭ يۈزىدەك قارىداپ كەتكەن ، چىرايى كىر ۋە تەر دەستىدىن ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقانىدى .

مەن بەش مو پۇل بەردىم ۋە :

— ئىشلىسەڭ بولمامدۇ ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا .

— ئەمگەك كۆرمىگەن سىلىق نوچىنىڭ گېپىنى ! بەرگەن پۇلى بەش مو ، خۇددى دادامدەك : «ئۇنى قىلساڭ بولمامدۇ ، بۇنى قىلساڭ بولمامدۇ» دەپ كەتكىنىنى تېخى !— ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىغىنىچە كېتىپ قالدى .

كېتىۋاتىمەن ، خىيالىمدا تۆمۈرچى ، مەن ۋە تىلەمچى نۆۋەتلىشىپ پەيدا بولماقتا . قەلبىمدىكى «مەن» مېنى سوراقلىماقتا :

«سەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىڭنىڭ ئىككى يىلىنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟ ئاخىرقى يىلىنى قانداق ئۆتكۈزمەكچى-سەن؟ ...»

مەن «چىپپىدە» توختاپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم. ھەسەلگە يې-پىشقان چۈمۈلە توپىدەك مىغ - مىغ ئادەملەر ھايات يولىنى باسماقتا، كىچىككىنە بازار شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە تېپىرلى-ماقتا ئىدى.



# ئۆزۈڭنى سۆي

بالام، باشقىلارغا ۋە باشقىلارنىڭ ئىشىغا ھەۋەسلىنىپ، نادامەت ئىلكىدە ھەسرەت چېكىۋەرمە! كۆكتە ئۇچۇۋاتقان قۇش سەن ئەمەس ياكى ئۇ سېنىڭمۇ ئەمەس. بىلىشىڭ كېرەككى، باغلاردىكى رەڭگارەڭ گۈللەر ھەرقانچە جىلۋىدار، كۆركەم، پۇراقلىق بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ دەشت - چۆلدىكى يانتاق - يۇلغۇنلاردەك ياشىيالمايدۇ. بۇ خۇددى قوزۇق ھەرقانچە يارام بولسىمۇ، قامچىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمىغاندەك بىر ئىش.

بىلسەڭ، بالام، ئېرىقتىكى سۇ ئالتۇن كاسىدا ئىچىلسىمۇ ياكى ھېجىردە ئىچىلسىمۇ بەرىبىر سۇ تېتىيدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى ئالتۇن كاسىدا ياكى ھېجىردە ئەمەس، بەلكى سۇ ئىچكۈچىنىڭ كىملىكىدە. شۇنىڭغا ئوخشاش سەن كىمنى دورا، ئەبەدىل باشقا ئادەم بولۇپ چىقالمايسەن. سەن ئۆزۈڭنى قەدىرلىسەڭ، باشقىلارغا ھەۋەس قىلىشىڭنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. چۈنكى، سېنىڭ بىجىرىم تۇغۇلۇشۇڭ بىر بۈيۈكلۈك. سەن قەلب ئېتىزىڭنى ئۈمىد گۈللىرى بىلەن تولدۇرۇپ، ئىشەنچ دولقۇنىدا غۇلاچ ئاچساڭ، ئۆزۈڭنى سۆيسەڭ ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇرالايسەن. چۈنكى، سەن بىر ئالەم، سەن ئۆزگە بىر دۇنيا. سېنىڭ باشقىلاردىن ھېچنېمەڭ كەم ئەمەس. سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ھەممىگە قادىر.

بالام، ئەمەلىيەتتە چىراي، تاشقى قىياپەت ھاياتنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا باشقىلارغا ھەۋەسلەنمە! ھەربىرىمىز بىباھا گۆھەر. بىلگىنكى، ئىشەنچ ئۆز- ئۆزىنى بىلىشتىن كېلىدۇ. باشقىلاردەك ياشايمەن دېسەڭ، ھالال

ئەجىر قىل ! ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ ئىزدەن ! قىيىنچىلىققا يولۇققاندا باھانە - سەۋەب كۆرسەتمە ! ھەربىر قەدىمىڭدە ئۆزۈڭنى سۆي ! «سۇ كېچىپ دەريادىن ئۆتۈشكە بەل باغلىغانىكەنسەن ، دەريا سۈيىنىڭ ھۆل قىلغىنىدىن ئاغرىنما !» شۇنىڭدىلا ھاياتىڭ نۇرلىنالايدۇ .



# مەن ۋە قۇشلار

مەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى پاختەك ، جىگدىچى ۋە قۇشقاچ ئاتقانىدىم ، باللار ماڭا ھەۋەس بىلەن ئارقامدىن ئەگىشىپلا يۈرۈدى . شادلىق ۋە خۇشاللىقىم مېۋىگە كىرگەندە ، تەبىئەتنىڭ نالىسى ، ھاياتلىقنىڭ ساداسى قۇلىقىمغا باستۇرۇپ كەلدى . مەن قەستەن پاك بولۇۋالدىم ۋە ئاچچىق ئوق ھىدىنى قىپقىزىل قان بىلەن بويىدىم . يىللار ئۆتۈۋەردى . قۇشلارنىڭ ناۋاسى بارا ـ بارا ئۆچتى . قانچە جاننىڭ قاتىلى بولدۇم ، بۇ ماڭا نامەلۇم . روھىمدا ئۇچۇپ يۈرگىنى شەخسىيەتچىلىكىمنىڭ قاپقارا گۈللىرى ئىدى . ئەمما ، نەپسىم ۋە خۇمارىم ئۇچۇن نەغمىكەش قۇشلارغا قورال تەڭلىدىم ، چوڭلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىلىك ئالمىدىم ، يەر شارىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىمىدىم . قىزىق ، ماڭا ھېچكىم كويزا سالمىدى ، قاتىل دەپمۇ ئەيىبلىمىدى . سوت سەھنىگىسىمۇ ئاچىقمىدى . پەقەت ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدىن قۇتۇلالمىدىم . قولۇمدىكى قورال تەڭپۇڭلۇقتا خىرىس قىلىپ تۇراتتى .

بۇگۈن يەنە پاختەك ئاتتىم . ئوق بىرىنىڭ قانىتىغا ، يەنە بىرىنىڭ كۆزىگە تەگكەن بولۇپ ، ھەر ئىككىلىسى ئۆلمىگەنىدى . قانىتىغا ئوق تەگكىنى ھاسىراپ پالاقشىپ يەر سىيرىسا ، كۆزىگە ئوق تەگكىنى ئىنتايىن ھالسىز ، بىچارە ئىدى . تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكەن دۈگىلەك كىچىك كۆزىدىن قان سىرغىغان ، ساق كۆزى خىرە ـ شىرە ئىدى . ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت سۈكۈتتىكى ئادەمدەك جىمجىت ياتتى ـ دە ، ئېچىنىشلىق جان ئۈزدى . نېمىشقىدۇر شۇ چاغدا تېنىم كەچ كۈزنىڭ تەنها ياپرىقىدەك تىترىدى ، ۋۇجۇدۇم سىلكىندى ، روھىم ئېگىلدى ، تۇيۇقسىز رەھمەت-

لىك دادامنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇ كېتەر چاغدا : «ئوغلۇم ، ۋاپادار بالا بول ! قۇرت ـ قوڭغۇز چاغلىق نەرسىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزـ مە !» دېگەنىدى ۋە يۈزۈمنى سىلاپ تۇرۇپ : «كۆزۈم تۇتۇلۇپ قالغاندىن بېرى سېنى كۆرەلمىدىم . خەت تارتقان بۇرۇتۇڭنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسام ئارمىنىم يوقتى» دەپ ھەسرەت چەككەن ، ئارمان قىلغانىدى . مانا ئەمدى مەن ... ؟ !

مەن پاختەككە قايتا قارىيالمىدىم . تېنىم كۆيۈشۈپ ، يۈزۈم ئوت ئالدى . ئەنە بىر توپ ئادەم قۇشقاچ بولۇپ قۇرت تەرمەكتە . ئەنە بىر توپ ئادەم مۈشۈك بولۇپ چاشقان تۇتماقتا . بىر توپ ئادەم توختاۋسىز ئۆزىنى يېمەكتە . بىر توپ ئادەم ھالسىرىماقتا . قۇشلار توپ ـ توپى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ رەزىللىكىگە ئېتىلماقـ تا ، كۆزلىرىنى چوقۇلىماقتا . قىيا ـ چىيا زېمىننى بىر ئالغان . ھاياتلىقنىڭ نەپسى قىستاپ ئېغىر ھالسىرىماقتا . بىر توپ ئادەم قۇشلارنىڭ پەرۋازىنى سېغىنماقتا ، بىر توپ ئادەم ... ؟ !

مەن روھىمنى دارغا ئاستىم . نەپسىمگە ئەركىنلىكنىڭ شېـ رىن تەمىنى تېتىتتىم . زۇلمىتىمنىڭ يۈلتۈزلىرىنى سۇبھىنىڭ قانىتىغا باغلاپ قويدۇم . شۇنىڭدىلا قۇياشنىڭ يارقىن نۇرلىرى سىياھەتەك دىلىمنى يورۇتتۇۋەتتى . مەن ئىككىلەنمەي ئۆزۈمگە سوت ئاچتىم . ئارخىپىم : قىپقىزىل قان ، نەپسى بالا . ئاقىۋېـ تىم : ئۆلۈم ، ئەمما ئۆلمىگەنىدىم . تىرىلگەن روھىمدا قۇشلار ھاياتلىقنى كۈيلىمەكتە ئىدى .

# ئىلتىجا

ئانا ، دالا تورغىيىنىڭ كۈيلەيدىغىنى كەڭ تەبىئەت ! مېنىڭ شائىر بولۇش ئىستەكلىرىم ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ ، پايانىمغا پاتمايۋاتسا ، دوختۇر بول دەيسەن . ئەجەبا ، ئانا ، مېنى ئارزۇيۇڭنىڭ بوز خالتىسىدا ئۆلتۈرەي دەمسەن ؟

ئانا ، سېھىرلىك كىتابلار قەلب دۇنيايىمنى ئىگىلەپ بولدى . يۇلتۇز گۈللىرى مىسرالىرىمدا چاقناۋاتسا ، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەي ؟ مۇبادا ، شېئىرىيەت باغچىسىغا بارىدىغان يولۇمغا توساق قۇرماقچى بولساڭ ، رەڭدار كېپىنەككە ئايلىنىمەندە ، سېنىڭ خىياللىرىڭنى تەرك ئېتىپ ئاستاغىنا ئۇچۇپ كېتىمەن . ئۇ چاغدا سەن : «بالام ، نەۋائىينى تونۇيدىغانلار قالمىدى . چۆچەكلەر ئۆتمۈشكە ئايلاندى» دەيسەن ـ دە ، كۆز يېشىڭ بىلەن يۈرىكىمنى ئەزمەكچى بولىسەن . مەن بولسام : «ئانا ، ھاياتىمنىڭ مەنىسى ئۇ قارار تاپقان جايدا ، جېنىم ئانا ، لەگلەكنىڭ يىپىنى ئاستا ـ ئاستا قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالساڭ ئۇ قانداقمۇ كۆككە ئۆرلىيەلىسۇن دەيمەن ، ئانا ، سەن دائىم خاتالىق ئۆتكۈزمە ، يىراققا بارما دەيسەن . ناۋادا ئاينى سېنىڭ ئۈچۈن مەززىلىك نانغا ئايلاندۇرالمىسام ، قەلبىمنى يارامسىزلىقتىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتمەسمۇ ؟ ئەگەر كەپتەرنىڭ پەرۋازىنى كۆرەي دېسەڭ ، ئۇنى ئەركىن قويۇۋەت ! ئەنسىرەش ئىچىدە ئۇنى كاتەكتىن چىقارمىساڭ ئۇ قانداقمۇ كۆكنى قۇچالىسۇن ؟ بىلگىنىڭكى ، خاتالىق بىزگە بېرىلگەن پۇرسەت . ئۇنى توسۇغانلىق — ياشاش يولىنى توسۇغانلىق . تەبىئەت بالىلارنىڭ دۇنياسى . روھىم شامىلى سېنىڭ

تېنىڭدە مەڭگۈ مۇزىكا كۈيىدەك ئۇچۇپ يۈرىدۇ . ئىشەنگىن ، ئانا ! سېنىڭ سۆيگۈ بۇلىقىڭ مېنىڭ ئىلھامىم . مېنى دوختۇر بولۇشقا قىستىما ! مېنى سايەڭدىن قۇتۇلدۇر ! تېنىم خۇشاللىق يېشىڭدىن سۇ ئىچىپ ، كۆكلەمگە كىرسۇن .



[General Information]
书名=小补鞋匠　维吾尔文
SS号=40219777